چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# بالىلىق دەۋر

ماكسىم گوركىي [سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# بالىلىق دەۋر

## ماكسىم گوركىي [سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى]

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخسۇم ئېلاخۇن

图书在版编目（CIP）数据

童年／（苏）高尔基著；申四知改编；买合苏木·伊拉洪译.，—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2009.6

ISBN 978-7-80658-910-6

Ⅰ.童… Ⅱ.①高…②申…③买… Ⅲ.长篇小说－苏联－编写本－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.1512.45

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第037192号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

## بالىلىق دەۋر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 2009 - يىل 8 - ئاي 2 - بېسىلىشى
فورماتى: 787×970 mm 1/32 : باسما تاۋىقى: 7
ISBN 978-7-80658-910-6
باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：穆巴拉克·阿帕尔
美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流
责任校对：茹鲜古丽·吐尔逊
艾比布拉·艾力
审　　定：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析
童 年（维文）
买合苏木·伊拉洪 译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新博文印刷有限公司印刷
2006年5月第1版　2009年8月第2次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：7
ISBN 978-7-80658-910-6

定价：7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991－4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ماكسىم گوركىي (1868 — 1936) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پرولېتارىيات يازغۇچىسى، سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، گۆدەك چېغىدا دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن، 11 يېشىدا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە جەمئىيەتتە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، ھامماللىق قىلغان، بولكىخانا ئىشچىسى بولغان، نامراتلار مەھەللىسى ۋە پرىستانلار ئۇنىڭ «جەمئىيەت» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسخانىسى بولغان. ئۇ ئەمگەكچى خەلق بىلەن ھەمنەپەس - تەقدىرداش بولۇپ، كاپىتالىزمنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلۇمىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇ ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

گوركىي مەدەنىيەت بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، 1892 - يىلى ئۆزىنىڭ «باكار شودرا» ناملىق تۇنجى ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىيات سېپىگە قېتىلغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرى رېئالىزم ۋە رومانتىزم ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ «باكار شودرا»، «ئىسكىلىنىڭ خوتۇنى» (1895 - يىلى)، «قارچىغا

ناخشىسى» (1895 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرى رومانتىزملىق ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلاردا ئەركىنلىكنى سۆيۈش، يورۇقلۇققا ئىنتىلىش ۋە باتۇرلۇق ـ قەيسەرلىك كۈيلەنگەن، جەڭگىۋارلىق روھ ئىپادىلەنگەن؛ «چېركاس»، «سەرگەردانلار»، «كونوۋالوف» قاتارلىق ئەسەرلىرى رېئالىزملىق ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلاردا خەلقنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى تەسۋىرلەنگەن، ئۇلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە قارشىلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەسەرلەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ تولىسى يېڭى تۇرمۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان، تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ۋە ئىدىيىسى كەسكىن ئىچكى توقۇنۇش بىلەن تولغان كىشىلەردۇر. 1901 ـ يىلى ئۇ «بورانقۇش ناخشىسى» دېگەن مەشھۇر نەسرىي شېئىرنى ئىجاد قىلىپ، شىددەتلىك بوراندا دولقۇن يېرىپ ئۇچىدىغان قورقماس، ئەقىللىق، باتۇر بورانقۇشنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئىنقىلاب بورىنىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ، كىشىلەرنى ئۇلۇغ كۈرەشنى كۈتۈۋېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

1905 ـ يىلى ئىنقىلاب ھارپىسىدا، گوركىينىڭ ئىجادىيىتى تىياتىرغا بۇرالغان، 1901 — 1905 ـ يىللىرى، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «مېشچانلار»، «تۆۋەن تە-

بىقىدىكىلەر»، «سايىدىغۇچىلار»، «قۇياش بالىلىرى» ۋە «ياۋايىلار» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. بولۇپمۇ «مېشچانلار»، «تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر» رېئال تۇرمۇشتىكى ئىشچىلارنىڭ يېڭى ئوبرازى ۋە يېڭى روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسى ۋە ئۈمىدۋار كەيپىياتىنى ئەيپادىلەپ بەرگەن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ سەھنىدە ئوينىلىشى شۇ چاغدىكى رۇسىيە تىياتىر سەھنىسىنى زىلزىلىگە سالغان.

1906 ـ يىلى گوركىي «ئانا» رومانى ۋە «دۈشمەن» دېگەن سەھنە ئەسىرىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ئەسەرنى يازغان، بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئانا» رومانىدا دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئاڭلىق ھالدا سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان تۇنجى تۇركۇمدىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى يارىتىلغان، ئۇ سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئەدەبىياتقا ئاساس سالغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گوركىي ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاب ئارىلىقىدا مول ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى ياراتقان، مەسىلەن، «ئوگلوف بازىرى» (1909 ـ يىلى)، «ياز كۈنلىرى» (1909 ـ يىلى)، «ماتخىي كىرمىلكىنىنىڭ ھاياتى» (1910 — 1911)، «ئىتالىيە بالىلار

چۆچەكلىرى» (1911 ـــ 1913)، «رۇس بالىلار چۆچەكلىرى» (1912 ـــ 1917) ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىن تاماملانغان تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ترىلوگىيىنىڭ ئالدىنقى ئىككى قىسمى بولغان «بالىلىق دەۋر» بىلەن «كىشىلەر ئارىسىدا» (1913 ـــ 1916) قاتارلىقلار. ئۆكتەبىر ئىنقىلا-بىدىن كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە، گوركىي سالامەتلى-كى ناچار بولۇش تۈپەيلىدىن، پەقەت لېنىن توغرىسى-دىكى ۋە بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى ھەم مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسلىمىلەرنى، شۇنداقلا تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ترىلوگىيىنىڭ ئاخىرقى قىسمى بولغان «مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىم» (1922 ـــ 1923)، «ئارتامونوف ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرى» (1924 ـــ 1925) قاتارلىق ئە-سەرلەرنىلا يازغان. 1921 ـ يىلى ئۇ لېنىننىڭ سەممىي مەسلىھەتى بىلەن چەت ئەلگە داۋالىنىشقا بارغان. 1931 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1925 ـ يىلى باشلىغان كۆپ قىسىملىق داستان كەبى غايەت زور ئەسەر «كلىم سامگىننىڭ ھاياتى» نى ئىشلەشكە كى-رىشكەن، بىراق بۇ ئەسەر پۈتكۈزۈلمىگەن ئەسەر بولۇپ قالدى. 1936 ـ يىلى ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن، يەنە «سو-ۋېت ئىتتىپاقىغا ساياھەت» (1929 ـ يىلى)، «قەھرىمانلار ھېكايىسى» دېگەن ئەسەرلەرنى ۋە «ئىگور بۇلىچوف قا-

تارلىقلار» (1932 ـ يىلى)، «تۇۋسگايېڧ قاتارلىقلار» (1933 ـ يىلى)، «ۋاسا ژېلېزنوۋا» (1935 ـ يىلى) قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى، شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى، ئەدەبىي تەنقىد ۋە سىياسىي ئوبزور ماقالىلىرىنى يازغان.

گوركىي ئۇلۇغ ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ئىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنى تەشكىللەپ قۇردى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك يازغۇچىلار قۇرۇلتىيىنى باش بولۇپ چاقىردى، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈردى، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئىشىغا ئاكتىپ قاتناشتى. گوركىينىڭ ئەسەرلىرى 1907 ـ يىلىدىن باشلاپ جۇڭگودا تونۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ ئورتاق بايلىقى بولۇپ قالدى.

# 1

دادام قاراڭغۇراق تار ئۆيدىكى پولنىڭ ئۈستىدە ئاپ-ئاق كىيىم كىيگەن، يالاڭ ئاياغ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا ياتاتتى؛ ئۇنىڭ كۆزلىرى مەھكەم يۇمۇل-غان، يېقىملىق يۈزلىرى قارىيىپ كەتكەن بولۇپ، كۆ-رۈمسىز غەلىتە چىشلىرى قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى.

ئانام تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، دادامنىڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى كىچىك تارغاق بىلەن كەي-نىگە قايرىپ تاراۋاتاتتى، ئۇ بوم خىرىلداق ئاۋازى بىلەن بىرنېمىلەرنى پىچىرلايتتى، كۆزلىرىدىن يوغان-يوغان ياش تامچىلىرى تارام-تارام تۆكۈلەتتى.

مومام مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ باش-تىن-ئاياغ قارا كىيىم كىيگەنىدى. ئۇمۇ يىغلىغاچ، مېنى ھە دەپ دادام تەرەپكە ئىتتىرەتتى؛ مەن بولسام بۇنىڭغا ئۇنىماي، ئۇنىڭ كەينىگە مۆكەتتىم. يەنە كې-لىپ، ئۇنىڭ: «داداڭ بىلەن خوشلىشىۋالغىن، ئەمدى ئۇنى ئىككىنچى كۆرەلمەيسەن...» دېگەن سۆزلىرىنىمۇ چۈشەنمەيتتىم.

مەن ئۆزۈممۇ قاتتىق ئاغرىپ، تېخى ئەمدىلا ئورنۇمدىن

تۇرغانىدىم. مەن ئاغرىپ قالغاندا دادامنىڭ مېنى باققاندىلىقى ئېنىق يادىمدا، كېيىن ئۇ تۇيۇقسىزلا غايىب بولدى، ئۇنىڭ ئورنىغا مومام مېنى باقتى.

مومام سەمىمىي، قىزىقارلىق سۆزلەيتتى، مەن بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ قالدىم، ئەمدى مەن ئۇنىڭ مېنى بۇ ئۆيدىن تېزرەك ئېلىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىشاتاتتىم.

ئانامنىڭ يىغىسى مېنى ئەنسىزچىلىككە سالدى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق ھالىتىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى، ئىلگىرى ئۇ ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز ئىدى؛ دائىم پاكىز ياسىنىپ يۈرەتتى؛ ئۇ ئېگىز، بەستلىك ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ناھايىتى رەتسىز كىيىنىۋالغان بولۇپ، توختىماي ھۆركىرەپ يىغلايتتى، مېنىڭ ئۆيدە ئۆرە تۇرۇۋاتقىنىمغا خېلى ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماڭا بىر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى.

بىردىنلا ئانام تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى ـ يۇ، ئەمما شۇ زامات ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى ۋە كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئاۋازدا: «ئىشىكنى يېپىڭلار! ...» دەپ ۋارقىرىدى.

مومام ئىشىككە يۈگۈرۈپ بېرىپ: «قېرىنداشلىرىم، بۇ يەردىن نېرى كېتىڭلار، ئۇنى تولغاق تۇتۇپ قالدى» دەپ ۋارقىرىدى.

مەن ساندۇقنىڭ كەينىدىكى بۇلۇڭغا مۆكۈۋالدىم، شۇ يەردە تۇرۇپ، ئانامنىڭ داد ــ پەرياد ئۇقۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشلىرىنى، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاشلىرىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتتىم. مومام بولسا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سەممىيلىك بىلەن: «ۋاليۇشا، چىداملىقراق بولغىن!...» دېدى. ئاپام بىرنەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ، شۇ زامات يەنە يىقىلىپ چۈشتى. بىردەمدىن كېيىن قاراڭغۇدا بىردىنلا بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مومام: «ئوغۇل ئىكەن!» دېدى. مەن بۇلۇڭدا ئۇخلاپ قاپتىمەن، باشقا ئىشلار ئېسىمدە يوق.

كېيىنكى ئىشلاردىن پەقەت بىرنەرسىلا ئېسىمدە قاپتۇ: يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى، قەبرىستانلىقنىڭ بىر بۇلۇڭىدا، دادامنىڭ جەسەت ساندۇقىنىڭ چوڭقۇر گۆرگە چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم، گۆرنىڭ يېنىدا مەن ۋە مومام بىللە تۇراتتۇق، مومام بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇزاققىچە جىم تۇردى. گۆر يەر بىلەن تەڭ تىندۇرۇلغان بولسىمۇ، مومام يەنىلا شۇ يەردە تۇراتتى. كېيىن مومام مېنى يېتىلەپ ماڭدى. قاشا تامدىن چىقىۋاتقاندا، مومام مەندىن: «سەن نېمىشقا يىغلىمايسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «يىغلىغۇم كەلمىدى» دېدىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مەن، مومام ۋە ئانام ئۈچىمىز پاراخوتنىڭ كىچىككىنە خانىسىدا ئولتۇرۇپ

كېتىپ باراتتۇق. ئەمدىلا تۇغۇلغان ئۇكام ئۆلۈپ قالغا-
نىدى.

پاراخوت ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى، شۇڭا بىز نېژنى
شەھىرىگە بىرنەچچە كۈندە ئاران يېتىپ باردۇق، گۈزەل
تەسىراتلار بىلەن تولغان دەسلەپكى بىرنەچچە كۈن ھې-
لىمۇ ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ. مەن ئەتىدىن كەچكىچە
پاراخوتنىڭ پالۇبىسىدا مومام بىلەن بىللە يۈردۈم. مومام
يۈزىدىن نۇر چاقنىغان، خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىنى يو-
غان ئاچقان ھالدا، پاراخوتنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا
ئۆتەتتى.

ئۇ پات - پاتلا روھلىنىپ، قىرغاقىقا قاراپ، كۆزلە-
رىگە لىق ياش ئالغان ھالدا، ئۈنچىقماي تۇرۇپ قالاتتى.
مەن ئۇنىڭ يوپكىسىدىن تارتىپ: «نېمىشقا يىغلايسەن؟»
دېدىم.

— قەدىرلىكىم، خۇشاللىقىمدىن يىغلاۋاتىمەن،
قېرىپ قالدىم، يېشىممۇ ئاتمىشتىن ئاشتى، — دېدى
مومام.

مومام ماڭا قاراقچىلار، ئەۋلىيالار، ھەر خىل دەھ-
شەتلىك ھايۋاناتلار ۋە جىن - شەيتانلار توغرىسىدىكى
چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. مومام چۆچەكنى تۆۋەن
ئاۋاز بىلەن سىرلىق قىلىپ ئېيتىپ بېرەتتى. مەن ھەر
قېتىم ئاڭلاپ بولۇپ، «يەنە بىرنى ئېيتىپ بەر!» دەپ

تورۇۋالاتتىم. ئەتراپىمىزغا بىر توپ ساقاللىق ماتروسلار ئولىشىۋېلىپ، ئۇلارمۇ چۆچەكنى ئاڭلاپ كۈلۈشەتتى ۋە ئاڭلاپ بولۇپ: «موما، يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىڭا» دېيىشەتتى.

ئانام پاراخوتنىڭ پالوبىسىغا ئاندا ـ ساندا چىقاتتى، ئۇ ھەمىشە بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇنچىقماي يۈرەتتى. بىر قېتىم ئۇ مومامغا قاتتىقلا تېگىپ:

— ئانا، كىشىلەر سىزنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈ. شۇۋاتىدۇ!، — دېدى.

— ئۇلار بىلەن نېمە كارىم! — دەپ پەرۋاسىزلا جا. ۋاب بەردى مومام، — بوپتۇ كۈلۈشۈۋەرسۇن، كۈلۈپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالسۇن!

نيژنى شەھىرى كۆرۈنگەندە، موماملىڭ باللاردەك خۇشال بولۇپ كەتكىنى تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ ۋارقىراپ:

— قارا، قارا، نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە، مانا ئۇ نيژنى ئاھ پەرۋەردىگارىم، ئۇ خۇددى پەرىشتىلەر تۇرىدىغان جاي. غىلا ئوخشايدۇ، — دېدى. ئۇ ئانامغا يالۋۇرغاندەك قىلىپ:

— سەنمۇ بىر قارىغىنا، ئېسىڭدىن چىقىپمۇ كەت. كەندۇ؟ قارىغىنا، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ، — دېدى. ئانام بولسا كۆڭۈلسىزلا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

پاراخوت دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى، ئادەم

بىلەن لىق تولغان يوغان بىر قېيىق بىزنىڭ پاراخوتقا قاراپ يېقىنلىشىپ، تۆۋەن چۈشۈرۈلگەن شوتىغا ئىلمەك ئارقىلىق تۇتاشتى، كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ قېيىقتىن پاراخوتنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا باشلىدى، ئورۇق بىر بوۋاي ھەممىنىڭ ئالدىدا ئالدىراپ چىقىۋاتاتتى.

— دادا! — ئانام بوغۇق ئاۋازى بىلەن قاتتىق ۋار-قىراپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ قوينىغا ئاتتى.

مومام پىرقىرىغۇچقا ئوخشاش پىر ـ پىر ئايلىنىپ، بىردەمدىلا ھەممەيلەن بىلەن قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ چىقتى. ئۇ مېنى ئادەملەرنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ، ئالدى-راشلىق بىلەن:

— بۇ تاغاڭ مىخائىل بولىدۇ، مۇنۇ تاغاڭ ياكوف ... ھاماڭ ناتالىيە، بۇ ئىككىسى بىر نەۋرە ئاكىلىرىڭ بولىدۇ، ئىككىلىسىنىڭ ئىسمى ساشا، مانا بۇ بىر نەۋرە ھەدەڭ كاتىرىنا. بۇلار بىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز، كۆپمىكەن؟ — دېدى. بوۋام مېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسى-دىن تارتىپ چىقىرىپ، بېشىمنى سىلىغان ھالدا:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى ۋە مەن جاۋاب بەرگىچە، مېنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ:

— ئۇستىخانلىرى دادىسىغا ئوخشايدىكەن... پاراخوت-تىن چۈشۈڭلار، — دېدى.

پاراخوتتىن چۈشتۇق. بىز بىر توپ ئادەم بولۇپ،

ئېدىرنى بويلاپ ماڭدۇق. بوۋام بىلەن ئانام ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىككى تاغام ئۇنچىقماي ماڭدى. تاغام مىخائىل چاچلىرىنى سىلىق قىلىپ تارىغان، قارىماققا بوۋامغا ئوخشاش ئورۇق ئىدى؛ تاغام ياكوفنىڭ چېچى ئاق سېرىق ئىدى؛ يەنە بىرنەچچە سېمىز ئايال ۋە ئالتە بالا بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭدىن چوڭ ئىدى، ھەممىسى ئۈن چىقارماي ئالدىغا قاراپ كېتىپ باراتتى.

چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ ھېچقايسىسى ماڭا ياقمىدى، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈمنى يات كىشىدەك ھېس قىلدىم. ھەتتا موماممۇ مېنىڭدىن يىراقلاشقاندەك تۇيۇلدى. بولۇپمۇ بوۋام ماڭا ياقمىدى. مەن شۇ زامات ئۇنىڭ قىياپىتىدىن بىر خىل دۈشمەنلىكنى سەزگەندەك بولدۇم، ئۇ مەندە ئۆزىگە نىسبەتەن بىر خىل ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبار ۋە قورقۇنچ ئارىلاش قىزىقىش پەيدا قىلدى.

بىز ھويلىغا كىردۇق. ھويلىمۇ ناھايىتى يېقىمسىز، سۆرۈن ئىدى. ھويلىنىڭ ھەممە يېرىگە ھۆل رەختلەر ئېسىلغان، يوغان تۇڭلاردا ھەر خىل رەڭلىك سۇلار تۇراتتى، بۇ تۇڭلاردىمۇ رەختلەر چىلاقلىق تۇراتتى. بىر بۇلۇڭدىكى ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان پاكار ئۆينىڭ ئىچىدە مەشتىكى ئوت لاۋۇلداپ يېنىۋاتاتتى،

مەشىنىڭ ئۈستىدە بىرنەرسە قايناۋاتاتتى، كىمدۇ بىرى يۇقىرى ئاۋازدا: «ساندال ئاچ قىزىل ـ سۇلفات» دېگەندەك غەلىتە سۆزلەرنى دەۋاتاتتى.

## 2

تەسۋىرلەپ بولمايدىغان دەرىجىدىكى غەلىتە تۇرمۇش كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك سۈرئەت بىلەن داۋام قىلىشقا باشلىدى. مەن بۇ تۇرمۇشنى گويا رەھىمدىل ۋە ئاق كۆڭۈل بىر دانا ئادەم ئۈستىلىق بىلەن ئېيتىپ بەرگەن پاجىئەلىك بىر چۆچەكتەك ئەسلەيمەن. ئاشۇ بىر توپ «ئەخمەقلەر ئائىلىسى» نىڭ قاراڭغۇلۇققا پاتقان تۇرمۇشىدا رەھىمسىز ئىشلار بەك كۆپ ئىدى.

بوۋامنىڭ ئائىلىسى كىشىلەر ئارىسىدا بولىدىغان قاتتىق ئۆچ ـ ئاداۋەت بىلەن تولغانىدى، بۇ ئۆچ ـ ئاداۋەت چوڭلارنىلا زەھەرلەپ قالماي، كىچىك بالىلارنىمۇ مەيۇس قىلىۋالغانىدى. كېيىنرەك موماملىن ئاڭلاپ بىلىشىمچە، ئانامنىڭ كېلىشى بىلەن، ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى بوۋامدىن ئايرىلىپ تۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىۋېتىپتۇ. ئانامنىڭ تۇيۇقسىز قايتىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىش نىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپتۇ. ئانام ئۆز ۋاقتىدا بوۋامنىڭ رازىلىقىغا قارىماستىن «ئۆز

بىشىمچىلىق» بىلەن ئەرگە تەگكەنلىكى ئۈچۈن، بىۋام ئۇنىڭغا ئاتاپ قويغان تويلۇقلارنى بەرمەي ئۆزى ئېلىپ قالغان ئىكەن، تاغىلىرىم ئاپامنىڭ ئەنە شۇ نەرسىلەرنى قايتىدىن تەلەپ قىلىپ قېلىشىدىن قورقىدىكەن. تاغىلىرىم ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزلىرى بۆلۈشۈۋالماقچى ئىكەن. ئۇلار يەنە كىمنىڭ شەھەردە قېلىپ بوياقچىلىق دۇكىنى ئېچىشى كېرەكلىكى، كىمنىڭ يېزىغا بېرىشى كېرەكلىكى ئۈستىدە ئۇزۇندىن بېرى جېدەل قىلىپ يۈرگەن ئىكەن.

بىز كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قېتىم، تاماق ۋاقتىدا، ئىككى تاغام تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ۋار ـ ۋۇر قىلىپ بىۋامغا دېۋەيلەشتى. بىۋام پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن ھالدا:

— سەنلەر بېرىپ دېۋانچىلىق قىلىش! — دەپ ۋارقىرىدى.

مومام قايغۇ ـ ھەسرەتلىك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— ھەممىنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىۋەتسەڭ، ئاندىن قولىقىڭ تىنچىيدۇ، بۆلۈپ بېرىۋەت! — دېدى.

— ئاغزىڭنى يۇم، ھەممىنى قىلغان سەن! — دەپ ۋارقىرىدى بىۋام، ئۇنىڭ بويى پاكار بولغىنى بىلەن، ئاۋازى قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق ئىدى. مىخائىل تاغام بىردىنلا، ئىنىسىنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك سالدى، ئىنىسى

شۇ زامات ھۆركىرەپ ئاكىسىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى۔ دە، ئىككىسى يەردە پومىداقلىشىپ ئۇرۇشۇپ كەتتى.

باللار يىغلاشتى، خىزمەتچى ئايال باللارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ياش شاگىرت سىگانوك مىخائىل تاغام۔ نىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋالدى، كۆزەينەك تاقىغان، تاقىر باش، چاڭگا ساقاللىق ئۇستام گرىگورى ئېغىر ـ بې۔ سىقلىق بىلەن تاغامنىڭ قولىنى لۆڭگە بىلەن باغلى۔ دى. بوۋام ئۇستەلنىڭ ئەتراپىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ:

— ئاكا ـ ئۇكا بولغىنىڭ قېنى؟! بىر قورساقتىن چىققىنىڭ قېنى؟!... — دەپ ۋارقىرايتتى. ئاندىن ئۇ مومامغا:

— ھەي ئالۋاستى، سەن تۇغقان بۇ يىرتقۇچلارغا قارا! — دەپ ۋارقىرىدى. مومام بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ:

— ئاھ، پەرۋەردىگارىم، باللىرىمغا ئەقىل بەرگەي۔ سەن! — دەپ ناله قىلدى. كېيىن موموم ئىككى ئالى۔ قىنى بىلەن بوۋامنىڭ بېشىنى تۇتتى. بوۋام بولسا يۈ۔ زىنى مومامنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى.

— بۆلۈپ بېرىۋەتسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئانىسى.

— بۆلۈپ بېرىۋەتكىن، دادىسى، بۆلۈپ بېرىۋەت!

ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئاۋۋال سۆھبەت سىلىق كېتىپ باراتتى، لېكىن كېيىن بوۋام موماغا:

— مەن سېنى بىلىمەن، ماڭا قارىغاندا سەن ئۇلارنى



بەكرەك ياخشى كۆرىسەن، ئۇلار مېنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكۈمنى بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگىتىدۇ... — دەپ ۋارقىـ ـرىدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئويماق ئۈچۈن قاتـ ـتىق جېدەل بولدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن، كەچلىك تاـ ماق ئالدىدا، تاغىلىرىم گرىگورى ئۇستام بىلەن بىللە، بويىلىپ بولغان ئەن رەختلەرنى توپ ـ توپ قىلىپ تىكىـ ـۋاتاتتى. مىخائىل تاغام كۆزى ئانچە كۆرمەيدىغان گرىـ ـگورى ئۇستامغا چاقچاق قىلماقچى بولۇپ، ياكوف تاـ غامنىڭ توققۇز ياشلىق بالىسى ساشاغا ئۇستامنىڭ ئويمىقىنى شامنىڭ ئوتىدا قىزدۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇـ دى، ساشا ئويماقنى قاتتىق قىزىتىپ، سەزدۇرمەستىن گرىگورىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپ، ئۆزى مۆكۈۋالدى. دەل شۇ چاغدا بوۋام كىرىپ كېلىپ، ئىشلىمەكچى بوـ لۇپ، ھېلىقى قىزدۇرۇلغان ئويماقنى قولىغا سالدى.

مەن ۋاڭ ـ چۇڭنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرگەندە، بوۋام كۆيگەن قولى بىلەن قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، تېپىچەكلەپ تۇرۇپ: «بۇ كىمنىڭ ئىشى؟!» دەپ ۋارقىراۋاتقان ئىكەن.

مىخائىل تاغام ئۇستەلگە ئېڭىشىپ تۇرۇپ، ھە دەپ ئويماقنى چىقارماقچى بولۇپ كۈچەيتتى. ياكوف تاغام يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، مەشنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ ئوغرىلىقچە كۈلۈشكە باشلىدى.

— بۇ ياكوفنىڭ ئوغلى ساشانىڭ ئىشى، — دېدى مىخائىل تاغام. بىردىنلا ياكوف تاغام مەشنىڭ كەينىدىن سەكرەپ چىقىپ:

— يالغان سۆزلىمە! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ ئوغلى ساشا مەشنىڭ كەينىدە يىغلاپ تۇ-رۇپ:

— دادا، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمە، ئۇ ئۆزى ماڭا ئۆگەتتى، — دېدى.

تاغىلىرىم بىر - بىرى بىلەن تىللاشقىلى تۇردى، بوۋام بىردىنلا شۈك بولۇپ، مېنى يېتىلگىنىچە ئۇن-چىقماي چىقىپ كەتتى.

ھەممەيلەن گۇناھنى مىخائىل تاغامغا قويدى. چاي ئىچىۋاتقاندا، مەن تەبىئىي ھالدا:

— ئەمدى ئۇنى ئۇرامسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇرىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى بوۋام ئاچچىقى بىلەن ماڭا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ.

مىخائىل تاغام ئۈستەلنى بىرنى مۇشتلاپ، ئانامغا:

— شۇمتەكگىنىڭ ئاغزىنى يىغ، بولمىسا، بوينىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— قېنى، قول تەگكۈزۈپ باققىنا! — دېدى ئانام.

ھەممەيلەن جىمجىت بولۇشۇپ كەتتى.

ھەممىسىنىڭ ئانامدىن قورقىدىغانلىقى ماڭا ئېنىق

بىلىنىپ تۇراتتى، ھەتتا بوۋامىز ئانامغا گەپ قىلغاندا، باشقىلارغا گەپ قىلغاندەك قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئەمەس، بەلكى بوش، سىلىق ئاۋاز بىلەن گەپ قىلاتتى.

بۇنىڭدىن ئۆزۈمچە ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتەتتىم، شۇنداقلا كۆرەڭلىگەن ھالدا تاغىلىرىمنىڭ بالىلىرى ئالدىدا ماختىنىپ:

— مېنىڭ ئانام ھەممىدىن يامان، — دەيتتىم. ئۇلار بىرنېمە دېيەلمەيتتى.

لېكىن، شەنبە كۈنى يۈز بەرگەن ئىش مېنىڭ ئانامغا بولغان بۇنداق قارىشىمنى تەۋرىتىپ قويدى.

شەنبىدىن بۇرۇن مەنمۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇم.

چوڭلارنىڭ ئەپچىللىك بىلەن رەختلەرنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىشلىرى مېنى ناھايىتى قىزىقتۇراتتى: سېرىق رەختنى قاپقارا سۇغا سالسا، ئۇ توق كۆك رەڭگە ئۆزگىرەتتى، كۈل رەڭ رەختنى قىزىل سۇدا چايقىسا، بېغىر رەڭگە كىرەتتى. بۇلار قارىماققا ئوڭايدەك بولغىنى بىلەن لېكىن، ئۇنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتىم.

مەن ئۆز قولۇم بىلەن بوياپ باققۇم كەلدى، بۇ ئويۇمنى ياكوف تاغامنىڭ ئوغلى ساشاغا ئېيتتىم، ئۇ ئېغىر ـ بېسىق بالا بولۇپ، دائىم چوڭلارنىڭ يېنىدىلا يۈرەتتى، ھەممىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ھەر ۋاقىت ھەركىمنىڭ ئىشىنى قىلىپ بەرگۈسى كېلەتتى.

چوڭلار ئۇنى گەپ ئاڭلايدۇ، زېرەك بالا بولدى دەپ ماختىشاتتى، لېكىن بوۋام ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ: «ۋاي، خۇشامەتچى» دەيتتى.

ياكوف تاغامنىڭ ئوغلى ساشا ھەم ئورۇق، ھەم قارىمۇتۇق كەلگەن بولۇپ، سۆزلىگەندە، پەس ئاۋاز بىلەن ئالدىراپ، دۇدۇقلاپ، خۇددى قېيەرگىدۇر قېچىشنى پەملەۋاتقاندەك، ئارقا ـ ئالدىغا قاراپ سۆزلەيتتى.

ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە تازا ياقمايتتى. مەن ئۇنىڭغا قارىغاندا مىخائىل تاغامنىڭ كىشىلەر نەزەر سالمايدىغان، ھورۇن ئوغلى ساشاغا ئامراقراق ئىدىم. ئۇ ناھايىتى ياۋاش، كۆزلىرى قايغۇلۇق، كۈلۈمسىرىشى يېقىملىق بالا بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇلايىم ئانىسىغا تولىمۇ ئوخشايتتى.

ئۆيدە ئادەم جىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچكىمگە ئارىلاشماي، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا، كەچقۇرۇنلۇقلىرى دېرىزە تۈۋىدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن دېرىزە تۈۋىدە قىستىلىپ ئۈنچىقماستىن سائەتلەپ ئولتۇرۇشنى، كەچكى شەپەق نۇرىدا قىزارغان ئاسماندا توقىناق قاغىلارنىڭ چېركاۋنىڭ ئېگىز مۇنارلىرىنى چۆرىدەپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈشلىرىنى، ئۇلارنىڭ بىر يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ـ بىر تۆۋەن قاراپ سوڭگۈشلىرىنى، كېيىن بىردىنلا بوش

ئاسماننى قالدۇرۇپ، ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىشلىرىنى تاماشا قىلىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم.

ياكوف تاغامنىڭ ئوغلى ساشا بولسا، ھەرقانداق نەرسە توغرىسىدا چوڭلاردەكلا ھەم كۆپ، ھەم كەسكىن سۆزلەيتتى. ئۇ مېنىڭ بوياقچىلىقنى ئۆگىنىش ھەۋەسىدە يۈرگەنلىكىمنى بىلىۋالدىمۇ ـ قانداق، ماڭا بايرام كۈنلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاق داستىخاننى ئىشكاپتىن ئېلىپ چىقىپ، كۆك رەڭگە بوياشنى ئېيتتى. ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن:

— ھەممىدىن ئاق نەرسىنى بوياش بەك ئاسان، مەن بۇنى ئوبدان بىلىمەن، — دېدى.

مەن بۇ يوغان، ئېغىر داستىرخاننى ئېلىپ، يۈگۈرگەن پېتى ھويلىغا چىقتىم، مەن ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى كۆك بوياق بار قازانغا سالا ـ سالمايلا، قەيەردىندۇ ھېلىقى سىگانوك توساتتىن پەيدا بولۇپ، قولۇمدىن داستىرخاننى تارتىۋالدى، ئاندىن كېيىن ئىشىك يوچۇقىدىن مېنىڭ ئىشىمنى تاماشا قىلىپ تۇرغان ساشاغا:

— دەررۇ موماڭنى چاقىرىپ كەل! — دەپ ۋارقىردى.

ئۇ بىرەر شۇملۇقنىڭ بولىدىغانلىقىنى پەملەپ، بېشىنى چايقاپ:

— ئەمدى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن، — دېدى.

مومام يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن كېيىن ناھايىتى كۆڭ-كىلىك گەپلەر بىلەن مېنى تىللىغىلى تۇردى:

— ھەي سالپاڭ قۇلاق، بالا بولماي قالغۇر، سېنى بېشىمدىن ئېگىمىز كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىۋەتمەيدىغان بولسام!

ئاندىن مومام سىگانوكقا:

— سەن بۇ ئىشنى بوۋاڭغا ئېيتما، ئۆزۈم بىر ئامال قىلىپ بۇنى باستۇرۇپ قويىمەن، — دېدى.

—مەندىن ئەنسىرىمەڭ، مەن ئېيتمايمەن. ساشا چېقىمىشتۇرۇپ يۈرمىسە بولاتتىغۇ.

— مەن ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بېرىپ ئاغزىنى ياپى-مەن، — دېدى مومام مېنى ئۆيگە يېتىلەپ كېتىپ بې-رىپ.

شەنبە كۈنى كەچتە مەن ئاشخانىغا ئېلىپ بېرىل-دىم. ئاشخانا جىمجىت، قاراڭغۇ ئىدى. كەڭ ئورۇندۇقتا سىگانوك ھومىيىپ ئولتۇراتتى. بوۋام بۇلۇڭدىكى يۇندا تۆكىدىغان داسنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۇ-زۇن - ئۇزۇن چىۋىقلارنى ئېلىپ، ئۇلارنى بىرىنىڭ يېنىغا بىرىنى تىزىپ بىر باغلام قىلىپ، ھاۋادا ئۇياقتىن - بۇياققا پۇلاڭلاتتى. مومام ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا تۇ-رۇپ، بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىيتتى.



ياكوفنىڭ ئوغلى ساشا ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، ئۇ خۇددى قەلەندەرلەرگە ئوخشاش ئاللىقانداق ئاۋاز بىلەن:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى كەچۈرۈڭ...، — دەپ يال-ۋۇراتتى.

مىخائىل تاغامنىڭ ئوغلى بىلەن قىزى ئورۇندۇق-نىڭ كەينىدە يانمۇيان تۇرۇپ، ياغاچتەك قېتىپلا قالغا-نىدى.

— ئاۋۋال تازا ئۇرۇپ، ئاندىن كەچۈرىمەن، — دېدى بوۋام بىر تال چىۋىقنى قولىغا ئالغاچ تەمكىنلىك بىلەن — تېز، ئىشتىنىڭنى سال!

ساشا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشتىنىنى تىزىغىچە چۈ-شۈرۈپ، ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ، ئېگىشكەن پېتى دەلدەڭشىپ ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا باردى ۋە ياۋاشلىق بى-لەن ئورۇندۇققا دۈم بولۇپ ياتتى.

— يېقىنىراق كەل! — دەپ بوۋام مېنى چاقىردى، — ئاڭلىدىڭمۇ؟... مانا قاراپ تۇر، ئۇرۇش قانداق بولىدى-كىن... بىر!... ئۇ قولىنى ئانچە ئېگىز كۆتۈرمەي، چى-ۋىق بىلەن يالىڭاچ بەدەنگە تارسىلدىتىپ ئۇردى، ساشا چىرقىراپ كەتتى.

— قۇۋۇلۇق قىلما، — دېدى بوۋام، — بۇ ئاغرىتقىنى يوق، مانا بۇ ئاغرىتىدۇ! چىۋىق شۇنداق ئۇرۇلدىكى، شۇ

زامات باللىنىڭ بەدىنىدە قىپقىزىل بىر يول قاپىرىپ چىقتى، ساشا ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

ساشا قولاقنى يارغۇدەك دەرىجىدە چىرقىراپ تۇرۇپ:

— ئەمدى قىلمايمەن،... داستىخاننىڭ ئىشىنى ئېيتىپ بەردىمغۇ... — دېدى.

بوۋام تەمكىنلىك بىلەن:

— چېقىمچىلىق بىلەن ئاقلىنالمايسەن! بىرىنچى قامچىنى چېقىمچى يەيدۇ. بايىقىسى ئويماق ئۈچۈن، مانا مۇنۇسى داستىخان ئۈچۈن، — دېدى.

ئاندىن بوۋام ماڭا تىكىلدى، مومام ماڭا ئېتىلىپ كېلىپ، ئىككى قولى بىلەن مېنى قۇچاقلىۋېلىپ:

— ئۇنى ساڭا بەرمەيمەن، بەرمەيمەن، سەن ئالۋاس-تى! — دەپ ۋارقىرىدى، مومام پۇتى بىلەن ئىشىكنى تېپىپ:

—ۋارۋارا!... — دەپ ئانامنى چاقىرىشقا باشلىدى.

بوۋام مومامغا ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى ئىتتىرىۋې-تىپ، مېنى تارتىۋالدى. مەن ئۇنىڭ قولىدا تېپىرلاپ، ساقىلىدىن تارتتىم ۋە بىر بارمىقىنى چىشلىۋالدىم. ئۇ مېنى ئورۇندۇق ئۈستىگە ئىرغىتىپ تاشلاپ:

— باغلاڭلار! ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!... — دەپ دەھشەتلىك ۋارقىرىدى.

ئانام چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا

يۈگۈرۈپ كېلىپ، خىرقىراق ئاۋاز بىلەن:

— دادا، ئۇنى ئۇرماڭ! ماڭا بېرىڭ! — دېدى.

بوۋام مېنى تا ھوشۇمدىن كەتكىچە ئۇردى، شۇنىڭـدىن كېيىن ئاغرىپ قېلىپ، بىرنەچچە كۈن كارىۋاتتا ياتتىم. ئاغرىپ قالغان كۈنلىرىم ھاياتىمدىكى مۇھىم كۈنلەر بولدى. بۇ كۈنلەردە مەن ئۆزۈمنى تېزلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدىم، شۇنداقلا مەندە باشقىچە ئالاھىدە بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى، گويا يۈرىكىمنىڭ تېرىسىنى سويۇۋەتكەندەك، خورلۇق ۋە دەرد ـ ئەلەملەرنى دەررۇ سېزىدىغان بولۇپ قالدىم.

ھەممىدىن ئاۋۋال مومام بىلەن ئانامنىڭ گەپ تاـلىشىشى مېنى ھەيران قالدۇردى. مومام غەزەپ بىلەن ئانامدىن:

— سەن نېمىشقا ئۇنى ئاجرىتىۋالمايسەن ـ ھە؟ — دەپ سورىدى.

— مەن قورقۇپ كەتتىم.

— مۇشۇ بەستىڭ بىلەن قورقتۇم دېيىشكە ئۇيالـمامسەن! مەن تېخى قېرى تۇرۇپمۇ قورقمىسام.

— بولدىلا، ئانا، ئۇنى ئويلىسام...

— سەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيسەن، يېتىم ئوغلۇڭغا ئىچىڭ ئاغرىمايدۇ.

ئانام ئىغىر ھەم قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— مەن ئۆزۈمـمۇ ئۆمۈرلۈك يېتـىمـمەن! — دېدى. كېيىـن ئۇلار بولۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۆزاققىـچە يىغلاشتى.

— مۇشۇ بالامنى دېمىسەم، ئاللىقاچان يىراقـلارغـا كەتكەن بولاتتىم! — دېدى ئانام يىغـلاپ تـۇرۇپ، — بـۇ دوزاختا ياشىيالىـغۇدەكمەن ئانا، سەۋر ـ تاقىتىم قالمىـدى....

شۇنىڭدىن كېيىـن مەن ئانامنىڭ كۆچلۈك ئەمەسـلىكىنى، ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بوۋامدىن قورقىدىـغانلىقىنى بىلدىم؛ ئۇ مەن ئۈچۈنلا مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئانام راستىلا غايىب بولدى، ئۇ نەگە مېھماندارچىلىققا كەتتىكىن؟

بىر كۈنى بوۋام ئۇشتۇمتۇت كىرىـپ كـەلـدى. ئـۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، مۇزدەك قولى بىلەن بېشـىـمـنى سىلاپ:

— ياخشىمۇسەن... گەپ قىلساڭچۇ، ئاچچىقىـڭـنى قوي!... — دېدى.

ئۇنى بىر تەپكۈم كەلدىيۇ، ئەمما ئاغرىقىنىڭ دەسـتىدىن قىمىرلىيالىمىدىم. بوۋام يانچۇقىدىن پېچـىـنـە، كەمپۈت، ئالما ۋە يېمىش چىقىرىپ:

— قارا، بۇلارنى ساڭا ئېلىپ كەلدىم، — دېدى.

بوۋام پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇپ:

— شۇ كۈنى قاتتىقراق ئۇرۇۋېتىپتىمەن، ئۆزۈڭمۇ مېنى چىشلىۋالدىڭ، مورلىدىڭ، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىدىقىم كېلىپ كەتتى. لېكىن ئۇشۇقچە تاياق يېگەنىنىڭ زىيىنى يوق، ئۆزۈڭنىڭ ئادىمى ئۇرسا ھېچ نەرسە بولمايدۇ، سەن مېنى تاياق يېمىگەن دەپ ئويلامسەن؟ مېنىڭ يېگەن تاياقلىرىمنى قورقۇنچلۇق چۈشۈڭدىمۇ كۆرمىگەنسەن. ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ مەن يېتىم ئوغۇل بولساممۇ، كاتتا ئادەم بولۇپ چىقتىم، — دېدى.

بوۋام ئۆزىنىڭ ئورۇق بەدىنى بىلەن ماڭا ئاستا يۆلىنىپ، ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— سەن بولساڭ پاراخوتتا كەلدىڭ، مەن بولسام ياش چېغىمدا ۋولگا دەرياسىنىڭ ئېقىمىغا قارشى كېمىنى ئۆز كۈچۈم بىلەن سۆرەيتتىم. كېمە سۇدا ماڭسا، مەن قىرغاقتا يالاڭ ئاياغ قىرلىق تاشلارنى دەسسەپ ئالدىغا قاراپ سۆرەيتتىم، كۈن يەلكەڭنى كۆيدۈرەتتى، بېشىڭ بولسا چويۈنغا ئوخشاش قىزىپ كېتەتتى، ئۇستىۋېشىڭدىن تەر قۇيۇلۇپ كۆزلىرىڭگە كىرىپ، ھەتتا يولنىمۇ ئېنىق كۆرەلمەي قالىسەن، بۇ خورلۇقنىڭ نېمىسىنى ئېيتىسەن، كۆزۈڭدىن توختىماي ياش تۆكۈلىدۇ....

بوۋام سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى، بۇ ۋىجىك، ئورۇق بوۋاي مېنىڭ نەزەرىمدە بىردىنلا چۆچەكلەردىكى كۈچلۈك

ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. بوۋام تا كەچ كىرگىچە سۆز-لىدى. ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا مەن بىلەن مېھرىبانلارچە خوشلاشتى. شۇندىلا مەن بوۋامنىڭ يامان، قورقۇنچلۇق ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلدىم. لېكىن ئۇنىڭ مېنى قاتتىق ئۇرغانلىقىنى ئەسلىسەم، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يىغلىۋېتەتتىم، مەن ئۇنى زادىلا ئۇنتۇيالمايتتىم.

بۇ كۈنلەردە مېنى يوقلاپ كەلگەنلەر ئىچىدە مې-نىڭدە ئەڭ روشەن تەسىرات قالدۇرغىنى سىگانوك بول-دى. ئۇ بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى كىرىپ كېلىپ:

— مۇنۇنى قارىغىنا، — دېدى ئۇ يېڭىنى جەينىكى-گىچە تۈرۈپ ۋە قىپقىزىل بولۇپ قاپىرىپ كەتكەن بى-لىكىنى كۆرسىتىپ، — كۆردۈڭمۇ بۇ ئىششىقىنى، ئەسلىي بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىدى، ھازىر خېلى ساقىيىپ قالغىنى، بوۋاڭ غەزەپلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، قارىسام سېنى ئۇرۇۋېرىدىغاندەك قىلىدۇ، تاياق تېگىدىغان يې-رىڭگە مۇشۇ بىلىكىمنى تۇتۇپ بەردىم، چىۋىق سۇنۇپ كەتسە، بوۋاڭ ئىككىنچى چىۋىقنى ئېلىپ كەلگىچە موماڭ ياكى ئاناڭ كېلىپ سېنى ئاجرىتىپ ئالار دەپ ئويلىغانىدىم. كىم بىلسۇن، چىۋىق سۇنمىدى، ئۇ سۇدا ئۇزۇن تۇرۇپ ئەۋرىشىم بولۇپ كەتكەن ئىكەن. دېگەنبىلەن سەن كۆپ تاياق يېمىدىڭ، قارا، تاياق ماڭا تەگدى.

ئۇ يېقىملىق، مۇلايىم ئاۋازدا كۈلدى.

مەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئۇ-نىڭغا ئېيتتىم، ئۇمۇ ماڭا:

— مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن، ياخشى كۆر-گەنلىكىمدىن، جېنىمنىڭ ئاغرىشىغا قارىماي سەن ئۇ-چۇن تاياق يېدىمە! باشقا ئادەم بولسا، نېمە كارىم-تى... — دېدى.

ئاندىن ئۇ ماڭا ئاستاغىنە ئۆگىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ قېتىم تاياق يېگەندە بە-دىنىڭنى قورۇۋالما، بەدىنىڭنى قورۇۋالساڭ، ئاغرىق ھەسسىلەپ كۈچىيىدۇ. تېنىڭنى بوش قويۇپ بەرگىن، دېمىڭنى بوغماي، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، جېنىڭنىڭ بارىچە ۋارقىراۋەرگىن.

— يەنە ئۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— سېنىڭچە ئۇرماسمۇ؟ — دېدى سىگانوك تەمكىنلىك بىلەن، — ئەلۋەتتە ئۇرىدۇ. پات - پات ئۇرۇپ تۇرار - تېخى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئىشقىلىپ بوۋاڭ باھانە تاپىدۇ - دە.

— ئەگەر بوۋاڭ چىۋىقنى بىر خىلدا تىك كۆتۈرۈپ ئۇرسا، ئۆزۈڭنى بوش قويۇۋېتىپ، ئۇنچىقماي يېتىۋەر-گىن، — دېدى ئۇ يەنە ماڭا ئۆگىتىپ، — ئەگەر چىۋىق-نى ئۆزىگە تارتىپ - تارتىپ ئۇرسا، سەنمۇ چىۋىق بىلەن

بىللە شۇ تەرەپكە قىيسايغىن، ئۇقتۇڭمۇ؟ مۇشۇنداق قىلساڭ ئانچە ئاغرىمايدۇ.

— بۇ ئىشتا مېنىڭ ئېپىم بار ـ دە، — دېدى ئۇ ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — تولا تاياق يەپ تېرىلىرىم قېتىپ كەتتى، تېرەمدىن پەلەي تىكسىمۇ بولىدۇ.

مەن ئۇنىڭ خۇشخۇي چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ، مومام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكنى يەنە ئەسلىدىم.

## 3

مەن ساقايغاندىن كېيىن، سىگانوكنىڭ بۇ ئۆيدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بوۋام ئۇ-نىڭغا ئۆزىنىڭ باللىرىغا ۋارقىرىغاندەك قاتتىق ۋارقى-رىمايتتى. بوۋام ئۇنىڭ كەينىدىن گەپ قىلغاندا:

— ئۇنىڭ قولى ئالتۇن، ئۇ ئاجايىپ ئادەم بولۇپ چىقىدۇ، — دەپ قوياتتى.

تاغىلىرىممۇ سىگانوكقا مۇلايىم ۋە دوستانە مۇئا-مىلە قىلاتتى. ھېچقاچان ئۇنىڭغا گرىگورى ئۇستامغا قىلغان «چاقچاقلار» نى قىلمايتتى.

ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك كەچتە گرىگورى ئۇستامغا بىرەر قېتىم «چاقچاق» قىلماي قالمايتتى: يا ئۇنىڭ قايچىسىنىڭ سېپىنى ئوتتا قىزدۇرۇپ قوياتتى؛ يا ئولتۇ-



رىدىغان ئورۇندۇقىغا ئۇچىنى تىك قىلىپ مىخ قويۇپ قوياتتى؛ يانونىڭ كۆزى ئېنىق كۆرمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ يېنىغا ھەر خىل رەڭدىكى رەختلەرنى قويۇپ قوياتتى ـ دە، ئۇ بۇلارنى بىر قىلىپ تىكىپ قوياتتى، نەتىجىدە ئۇ بوۋامنىڭ تىلىغا قالاتتى.

ئۇلار خىلمۇخىل قىلىقلارنى ئويلاپ تاپاتتى، لېكىن بۇلارغا گرىگورى ئۇستام ئۇنچىقماستىن چىدايتتى؛ پەقەت دەزمال، قايچا، قىسقۇچ ياكى ئويماق ئالماقچى بولسا، ئاۋۋال بارماقلىرىنى تۈكۈرۈكى بىلەن ھۆللەپ، ئاندىن قولى بىلەن تۇتاتتى، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇ ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالدى، ئۇ ھەتتا تاماق ۋاقتىدا، پىچاق، ۋىلكىنى ئېلىشتىمۇ ئاۋۋال بارماقلىرىنى ھۆللەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى بالىلارنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى.

ئوغۇللىرىنىڭ بۇنداق قىلىقىغا بوۋامنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ، لېكىن مومام ھامان بالىلىرىغا مۇشتىنى تۈگۈپ تۇرۇپ: «ۋۇي، ئۇياتسىزلار، شەرمەندىلەر!» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

تاغىلىرىم سىگانوكنىڭ كەينىدىن يامانلاپ، ئۇنى ئوغرى، ھورۇن دەپ تىللىشاتتى.

مەن مومامدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ:

— ئۇلار كەلگۈسىدە ئۆز ئالدىغا بوياقچىلىق دۇكىنى ئاچقاندا، سىگانوكنى ئۆزلىرى ئىشلەتمەكچى، شۇڭا ئۇلار سىگانوكنى بىر – بىرىدىن قىزغىنىپ، ئۇنى ياخشى ئىشلىمەيدۇ دەپ يامانلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار يالغان ئېيتىدۇ. ئۇلار سىگانوكنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە بولماي، بوۋاڭ بىلەن بىللە بولۇشىدىنمۇ قورقىدۇ. بوۋاڭنىڭ غەلىتە مىجەزى بار، ئۇ سىگانوك بىلەن بىللە باشقا بوياقچىلىق دۇكىنى ئېچىشىمۇ مۇمكىن، بۇ ھال تاغىلىرىڭ ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز، چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى.

مەن يەنە مومام بىلەن بىللە تۇرۇشقا باشلىدىم. خۇددى پاراخوتتىكىگە ئوخشاش، ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتى ياكى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى چۆچەكتەك ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. ئۇ بالىلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى، بوۋامنىڭ يېڭى ئۆي سېتىۋېلىشى قاتارلىق ئۆي ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ گەپلىرى ئائىلە ئەزاسىنىڭ گېپىگە ئوخشىماستىن، خۇددى بۇ ئائىلىگە يات بولغان بىر كىشىنىڭ گېپىگە ئوخشايتتى.

سىگانوكنىڭ تاشلىۋېتىلگەن بالا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتىن تېپىۋالغانلىقىنى مومامدىن ئۇقتۇم.

— نېمە ئۈچۈن بالىنى تاشلاپ كېتىدۇ؟

مومام بىردەم ئۈنچىقماستىن تۇرۇپ قالدى، كېيىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ھەممىسى كەمبەغەللىكنىڭ كاساپىتى، بەزىدە كەمبەغەللىكتىن ھېچقانداق ئامال قالمايدۇ! بوۋاڭ ئەسلىدە سىگانوكنى ساقچىغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولغانىدى، مەن ئۆزىمىز بېقىۋالايلى، دەپ ئۇنىمىغانىدىم.

ــ مەن سىگانوكنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ــ دېدى مومام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ سىلەردەك گۆدەكلەرنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. مەن سىگانوكنى بېقىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ قالدى. سەن ئۇنى ياخشى كۆرگىن، ئۇ ئاق كۆڭۈل بالا.

مەن سىگانوكنى راستلا ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ دائىم مېنى ھەيران قالدۇراتتى.

ھەر شەنبە كۈنى بوۋام بىر ھەپتە ئىچىدە گۇناھ قىلغان بالىلارنى ئۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاشخانىدا قىزىق ئويۇن باشلىناتتى. سىگانوك سۇۋەرەكتىن بىرنەچچىنى تۇتۇۋېلىپ، قەغەزدىن چانا ياساپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا چاپتۇراتتى.

بەزىدە ئۇ چاشقانلارغا كوماندا بېرىپ، ئۇلارنى تىك تۇرغۇزۇپ، ئۇزۇن قۇيرۇقىنى سۆرىتىپ، كەينى پۇتى بىلەن ماڭغۇزاتتى.

بەزىدە ئۇ يەنە قارتا ياكى تەڭگە پۇل بىلەن سىې-ھىرگەرلىك قىلىشنىمۇ بىلەتتى، بۇنى ئوينىغاندا، باشقا باللاردىن بەكرەك قاتتىق ۋارقىرايتتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ-نىڭ باشقا كىچىك باللاردىن ھېچقانداق پەرقى قال-مايتتى. ئۇ ئەمدىلا ئون توققۇز ياشتا ئىدى.

بولۇپمۇ سىگانوكنىڭ بايرام كېچىلىرىدىكى ھالى-تى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇنداق چاغلاردا، بوۋام بىلەن مىخائىل تاغام مېھماندارچىلىققا كېتىپ قالاتتى. ياكوف تاغام گىتارنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا كىرەتتى، مومام ئۇستەلگە چاي ۋە ھاراقلارنى ئەكېلەتتى.

ھەممەيلەن ھە دەپ يەپ ـ ئىچىشەتتى، باللارمۇ تاتلىق ـ تۈرۈملەرغا ئىگە بولاتتى. ياكوف تاغام گىتارنى ساز قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئادىتى بويىچە: «ھە، ئەمىسە مەن باشلىۋەتتىم» دەيتتى.

ئۇ تارلارنى ئاستا چېكىپ، كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان بىر ئاھاڭغا چالاتتى، بۇنى ئاڭلاپ ھەم-مەيلەن ئىختىيارسىز ئېرىلىپ كېتەتتى، چوڭلارمۇ ئۆزىنى كىچىك بالىغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قى-لىشاتتى، ھەممەيلەن خىيال سۈرۈپ جىمجىتلىققا چۆ-كەتتى.

ياكوف تاغام بىرئاز ئىچىۋالغاندىن كېيىن، دائىم دېگۈدەك بىر خىل يېقىمسىز ئاھاڭ بىلەن ناخشا ئېيتاتتى:

*ئەگەر ياكوف ئىت بولسا ئىدى،*
*كېچە ھەم كۈندۈز قاۋار ئىدى.*
*ۋاي، پۇشتى ئىچىم!*
*ۋاي، مەن زېرىكتىم!*
......

سىگانوكمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا گىتارنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى، بەزىدە بىردىنلا ئەپسۇسلانغان ھالدا ئۇھ تارتىپ:

— ئەي، ئاۋازىم ياخشى بولغان بولسا، تازا ناخشا ئېيتقان بولاتتىم! — دەيتتى.

مومام ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:

— بولدى، ياكوف، يۈرەكلەرنى ئېزىۋەتتىڭ، سىگانوك، ئەمدى سەن بىر ئۇسسۇل ئويناپ بەرگىن، — دەيتتى.

سىگانوك ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، كۆڭلىكىنى تارتىپ ـ تارتىپ قويۇپ، ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقاتتى، ئۇ ئىنزا ئارىلاش كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— ياكوف، شوخ مۇزىكىغا چېلىڭا، — دەپ ئىلتىماس قىلاتتى.

گىتار شوخ جاراڭلاپ كېتەتتى، سىگانوكنىڭ پۈتۈن

ئەزايىدىن ئوت يانغاندەك بولۇپ، قوللىرىنى كېرىپ، بۇركۇتتەك قاناتات يېيىپ، ھەيران قالغۇدەك تېز چۆر-گىلەيتتى، ئۇ قۇلاقنى يارغۇدەك ئۇشقىتىپ، خۇددى قا-لىغاچتەك تاقلايتتى.

سىگانوك ئۇسسۇلنى زوق- شوخ بىلەن ئوينايتتى، ناۋادا ئىشىكنى ئېچىۋېتىدىغان بولسا، ئۇ ئۇسسۇل ئوي-نىغان پېتى پۇتۇن شەھەرنى ئايلىنىپ چىقىدىغاندەك قىلاتتى....

ئۇستەلنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ پۇت- قوللىرى ئىختىيارسىز تەۋرىنەتتى، ئۇلار ھەدەپ ۋارقىرىشاتتى. گرىگورى ئۇستام ئالىقىنى بىلەن تاقىر بېشىنى سىلاپ قويۇپ، ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى غىڭشىپ قوياتتى. ئۇ بىردىنلا ماڭا ئېگىشىپ، ئاغزىنى قۇلىقىمغا يېقىن قىلىپ:

— داداڭ ھايات بولغان بولسا، ئۇمۇ بىر ئوت بولۇپ ياناتتى! ئۇ ئاجايىپ خۇش چاقچاق، ئويۇنچى ئادەم ئىدى. ئۇ ئېسىڭدە بارمۇ؟ — دېدى.

— ئېسىمدە يوق.

— ئېسىڭدە يوقمۇ؟ ئىلگىرى موماڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ئۇسسۇل ئويناپ... بىرئاز توختاپ تۇر.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مومامغا تەزىم قىلىپ:

— مەرھەمەت قىلىپ، بىر- ئىككى ئايلىنىپ بېرىڭ،

بىزنى خۇش قىلىپ قويۇڭ، — دەپ يالۋۇردى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دېدى مومام پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ، — مەن قانداق ئۇسسۇل ئوينىغۇدەكمەن! باشقىلارنىڭ كۆلكىسىگە قالماي يەنە.

باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مومام ياش ئاياللاردەك ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆڭلەكىنى تۈزەشتۈرۈپ:

— كۆلسەڭلارمۇ كۈلۈۋېرىڭلار! ياكوف، سازىڭنى باشقا پەدىگە چال! — دەپ ۋارقىرىدى.

ياكوف تاغام سازنىڭ رىتىمىنى ئاستىلىتىشقا باشلىدى، موموم ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى نېمىنىدۇ ھېكايە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ خىيال سۈرگەن ھالدا ئەتراپقا قاراپ، ناھايىتى سىلىق قەدەم تاشلايتتى. ئۇ بىردىنلا قۇيۇندەك پىرقىراپ كەتتى.

مومام ئۇسسۇل ئويناپ بولغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئۇنى ماختىشىپ كېتىشتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىدى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىمۇ، خۇشاللىقلىرىمۇ بىلىپ بولمايدىغان تېزلىكتە بىر ـ بىرى بىلەن ئالمىشىپ تۇراتتى.

بىر قېتىم، ياكوف تاغام ئانچە مەست بولمىسىمۇ، ئۈستىدىكى كۆڭلىكىنى يىرتىشقا، ئۆزىنىڭ چاچلىرىنى،

بۇرۇتلىرىنى، بۇرنىنى ۋە كالپۇكلىرىنى يۇلۇپ ـ تار-
تىشقا باشلىدى.

— بۇ قانداق تۇرمۇش؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كۆز-
لىرىدىن ياش ئاققۇزغان ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن
لۇكچەك، مەن بىر لالما ئىت!

— توغرا دەيسەن، سەن دەل شۇنىڭ ئۆزى، — دەپ
غودۇڭشىدى گرىگورى ئۇستام.

تاغامنىڭ كۆز ياشلىرى ۋە ۋارقىراشلىرى مېنى
ھەيران قالدۇردى. مەن مومامدىن تاغامنىڭ نېمە ئۈچۈن
يىغلىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى تىللىغاـ
لىقى ۋە ئۇرغانلىقىنى سورىدىم.

— سەن ھەممىنى بىلمەكچىمۇ؟ — دېدى مومام
بۇرۇنقىدەك قىزغىن جاۋاب بېرىدىغان ئادىتىگە ئوخشى-
مىغان ھالدا، — سېنىڭ بۇ ئىشلارنى چۈشىنىشىڭگە
تېخى بالدۇر.

بۇ ھال ئەكسىچە مېنىڭدىكى قىزىقىشنى تېخىمۇ
كۈچەيتىۋەتتى، مەن بوياقچىلىق ئۆيىگە بېرىپ سىگا-
نوكقا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭمۇ ماڭا جاۋاب بەرگۈ-
سى كەلمىدى، ئۇ جىلە بولۇپ، مېنى بوياقچىلىق ئۆ-
يىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

گرىگورى ئۇستام «مەيەرگە كەلگىن» دەپ ماڭا قول
ئىشارىتى قىلدى.

ئۇ مېنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— تاغاڭ خوتۇننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان، ئەمدى ۋىجدان ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ، — دېدى.

— قانداق ئۇرغان؟

— كەچتە ئىككىسى ياتقاندا، ئۇنى يوتقان بىلەن يۆركەپ، مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ ئۇرغان.

— نېمە ئۈچۈن ئۇرىدۇ؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمىسە كېرەك، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇستام، — ئېھتىمال خوتۇنى ئۆزىدىن ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇرغاندۇ. بۇ ئائىلىدىكىلەر ياخشى كىشىلەرنى ياقتۇرمايدۇ. سەن موماڭدىن سوراپ باقساڭ، ئۇلارنىڭ داداڭغا قانداق زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى بىلىسەن. موماڭ يالغان ئېيتمايدۇ، ئۇ ھاراق ئىچسىمۇ، ئەۋلىياغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

مېنىڭ سىگانوك بىلەن بولغان دوستلۇقۇم ئۇزلۇكسىز كۈچەيمەكتە ئىدى. مومام تاڭ سەھەردىن تا كەچكىچە ئۆي ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى، مەن كۈن بويى دېگۈدەك سىگانوكنىڭ يېنىدىن كەتمەيتتىم. بوۋام مېنى ئۇرغاندا، ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ قولىنى چىۋىققا تۇتۇپ بېرەتتى ۋە ئەتىسى قاپارغان قوللىرىنى ماڭا كۆرسىتىپ:

— ھېچنېمىگە يارىمايدىغان بىرنېمە ئىكەنسەن،

ئۆزۈڭگىمۇ ئاز تەگمىدى، ماڭا نېمە، قارا بۇلارنى! ئەمدى مېنىڭ كارىم يوق، تارتقۇلۇقنى ئۆزۈڭ تارتىۋىر! — دەپ ئاغرىناتتى.

لېكىن، كېيىنكى قېتىم تاياق يېگەندە، ئۇ يەنە قولىنى تۇتۇپ بېرەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، سىگانوك توغرىسىدا يەنە بىر ئىشنى بىلىپ قالدىم.

ھەر جۈمە كۈنى سىگانوك ئاتنى يوغان، كەڭ چانىغا قوشۇپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بازارغا كېتەتتى. بەزىدە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتقىچە قايتمايتتى، ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا كوچىغا قارىشاتتى.

ھەممىدىن تولاراق مومام ئەنسىرەيتتى:

— سىلەر ئادەمنىمۇ، ئاتنىمۇ ھالاك قىلىسىلەر-غۇ، — دەيتتى بوۋام بىلەن تاغىلىرىمغا، — سىلەر ئۇ-يالمايسىلەر؟ ھۇ، ئەقىلسىزلەر، ئاچ كۆزلەر!

— بولدى، بولدى، بۇ ئاخىرقى قېتىمقىسى بول-سۇن، — دەيتتى بوۋام قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

بەزىدە سىگانوك چۈشكە يېقىن قايتىپ كېلەتتى، بوۋام بىلەن تاغىلىرىم ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقاتتى ۋە چانىدىكى چوشقا ۋە توخۇ، ئۆردەك، بېلىق گۆشلىرىنى تۇشۇشقا باشلايتتى.

— ئىيتقان نەرسىلىرىمىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋام چانىدىكى نەرسىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ.

— دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدىم، دېدى سىگانوك بىر تەرەپتىن ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا سەكرەپ، بىر تەرەپتىن پەلەي كىيگەن قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ.

— پەلەينى ئۇرۇپ يىرتىۋەتمە يەنە، ئۇنى پۇلغا ئال-غان، —دەپ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى بوۋام، — پۇل ئېشىپ قالدىمۇ؟

— ياق.

تاغىلىرىم تۇرلۇك يېمەكلىكلەرنى خۇشاللىق بى-لەن قولىغا ئېلىپ، دەڭسەپ كۆرۈپ:

— قالتىس يىگىت جۇمۇ سەن تاللاشنى بىلىد-غان! — دەپ ماختاشتى.

مىخائىل تاغام سىگانوكتىن سوراشقا باشلىدى:

— دادام ساڭا قانچە پۇل بەرگەن؟

— بەش رۇبلى.

— بۇ يەردىكى نەرسىلەر ئون بەش رۇبلىغا يارايدۇ، سەن قانچە خەجلىدىڭ؟

— تۆت رۇبلى ئون كوپېك.

— ئۇنداقتا توقسان كوپېك يانچۇقۇڭغا چۈشۈپتۇدە.

قارا ياكوف، ئۇ پۇل تېپىشقا قانداق ئۇستا ـ ھە؟!

سىگانوك ئويناقلاپ موماممنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كۆزۈمدىن يوقال، — دەپ ۋارقىرىدى موماام يەرنى تېپىپ تۇرۇپ، — بۇگۇنكى ئەھۋالدا سېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ.

مەن ھەيران بولدۇم. موماام ماڭا سىگانوكنىڭ بازاردىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ تولىسى ئوغرىلانغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

— بوۋاڭ ئۇنىڭغا بەش رۇبلى بەرسە، ئۇچ رۇبلىلىق نەرسە سېتىۋېلىپ، ئون رۇبلىلىق نەرسىنى ئوغرىلاپ كېلىدۇ، — دېدى موماام خاپا بولۇپ، — ئۇ بىرىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلىپ تەمىنى تېتىپ قالدى، ئۆيدىكىلەر ئۇنى ھە دەپ ماختىغاچقا، ئۇ ئوغرىلىققا ئادەتلىنىپ قالدى. بوۋاڭ كىچىكىدە جاپانى تولا تارتقان، قېرىغاندا ناھايىتى ئاچ كۆز بولۇپ قالدى، ئۇ پۇلنى ئۆزىنىڭ باللىرىدىنمۇ ئەۋزەل كۆرىدۇ، باشقىلارنىڭ بىكارغا بېرىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. مىخائىل بىلەن ياكوف بولسا...

— موماام بىردەم تۇرۇۋېلىپ:

— سىگانوك ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا، ئۆلگىچە تاياق يەيدۇ، — دېدى. ئۇ يەنە بىرئاز جىم تۇرۇۋېلىپ، پەس ئاۋازدا:

— بىزدە قانۇن ـ قائىدىلەر ناھايىتى كۆپ بولغىنى بىلەن، لېكىن ھەقىقەت يوق، — دېدى.

ئەتىسى مەن سىگانوكقا ئىككىنچى ئوغرىلىق قىلـ-ماسلىقنى ئېيتىپ، «تۇتۇلۇپ قالساڭ ئۆلگىچە تاياق يەيسەن...» دەپ يالۋۇردۇم.

— مەن قولغا چۈشمەيمەن. ئۆزۈم ناھايىتى چاققان، سەزگۈرمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، لېكىن شۇئان چىرايىنى تۈرۈپ، — ئوغرىلىقنىڭ يامان ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلىمەن. بۇنى پەقەت ئىچ پۇ-شۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن قىلىمەن، پۇلمۇ يىغمايمەن. بەربىر تاپقان پۇلۇمنى بىر ھەپتىگە قالماي تاغىلىرىڭ پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ ئېلىپ بولىدۇ.

كۆپ ئۆتمەي، سىگانوك ئۆلۈپ قالدى.

ئەھۋال مۇنداق بولغانىدى: ھويلىدا دەرۋازىنىڭ يې-نىدا دۈب ياغىچىدىن ياسالغان يوغان بىر كرېست جازا يۆلەكلىك تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇ يەردە تۇرغىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى.

ياكوف تاغام بۇ يوغان كرېست جازىنى خوتۇنىنىڭ قەبرىسىگە قويۇش ئۈچۈن تەييارلىغان ئىكەن، ئۇ خوتۇ-نىنىڭ يىلى بولغان كۈنى بۇ كرېستنى ئۆزى مۈرىسىگە ئېلىپ قەبرىستانلىققا ئاپىرىشقا ۋەدە قىلغانىدى.

خوتۇنىنىڭ يىلى قىشنىڭ باشلىرىدىكى شەنبە

كۆنىگە توغرا كېلەتتى. بۇ كۆنى ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، شىۋىرغان چىقىپ تۇراتتى. بوۋام بىلەن مومام ئەۋرىلىرىنى ئېلىپ ئەتىگەندىلا قەبرىستانلىققا كەتكەنىدى، مەن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاچقا ئۆيدە قالدۇرۇلغانىدىم.

ئىككى تاغام قىسقا جۇۋا كىيىپ، كرېستىنىڭ توغرا ياغىچىنىڭ ئىككى بېشىنى ئىككىسى مۈرىسىگە قويۇشتى، كرېستىنىڭ تىك ياغىچىنى بولسا سىگانوك ئۆزىنىڭ كەڭ مۈرىسىگە قويدى، سىگانوك ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئىغاڭلاپ كەتتى.

— كۆتۈرەلەمدىكەنسەن؟ — دەپ سورىدى گرىگورى ئۇستام.

— بىلمەيمەن، بەك ئېغىردەك تۇرىدۇ....

بۇ چاغدا مىخائىل تاغام غەزەپ بىلەن گرىگورىغا:

— ھەي قارىغۇ، دەرۋازىنى تېز ئاچ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ياكوف تاغاممۇ سىگانوكقا:

— ئۇيالمامسەن؟ مىخائىل ئىككىمىزنى قوشقاندىمۇ ساڭا تەڭ كېلەلمەيمىز! — دېدى.

گرىگورى دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ، سىگانوكقا:

— ئېھتىيات قىل، ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما، — دەپ تاپىلىدى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گرىگورى ئۇستام مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلەپ ئىشخانىغا باشلاپ ئەكىرىپ، ماڭا بوۋام بىلەن دادامنىڭ پارىڭىنى قىلغىلى تۇردى.

گرىگورى پاراڭ قىلىۋېتىپ، بىردىنلا:

— توختاپ تۇر، بىر ئىش بولدىمۇ ـ نېمە؟ — دەپ قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن كېيىن ئالمان ـ تالمان يۈگۈرۈپ هويلىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەي ـ نىدىن مەنمۇ يۈگۈرۈپ چىقتىم.

ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىگانوك ئوڭدىسىغا ياـ تاتتى، كۆزلىرى مىدىر ـ سىدىر قىلماي تورۇسقا تىكىـ لىپلا قالغانىدى؛ كۆكەرگەن كالپۇكلىرى تىترەپ تۇـ راتتى، ئاغزىدىن هال رەڭ كۆپۈكلەر چىقىپ تۇراتتى؛ ئېغىزىدىن چىققان قان جاۋغىيىدىن بوينىغا، بويىدىن تاختايغا تامچىپ، ئېقىۋاتاتتى.

— ئۇ مۇدۇرۇپ كەتتى، — دېدى ياكوف تاغام بىر خىل يېقىمسىز ئاۋاز بىلەن، — يىقىلغاندا كرېست ئۇنى بېسىۋالدى — بېلىگە كېلىپ چۈشتى. بىز ئەهۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، كرېستنى دەرهال كۆتۈرۈپ ئېلىـ ۋەتتۇق، بولمىسا بىزمۇ مېيىپ بولاتتۇق.

— ئۇنى سىلەر قىلدىڭلار؟ — دېدى گرىگورى غەـ زەپ بىلەن.

— شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ، قانداق قىلالايتتىڭ؟

— ھە، سىلەر!

قان توختىماستىن ئېقىپ، بوسۇغىنىڭ تۈۋىدە يىغىلىپ قالدى. سىگانوكنىڭ بېشى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالدى.

بىركەمدىن كېيىن، بوۋام، موماملار قايتىپ كەلدى، بوۋام جۇۋىسىنى يەرگە چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بارىچە:

— ھوي، ئىپلاسلار! شۇنداق قابىل يىگىتنى ھالاك قىلدىڭلار! ئۇ يەنە بەش-ئالتە يىلدىن كېيىن بىباھا گۆھەر بولاتتى ئەمەسمۇ؟!... — دەپ ۋارقىرىدى.

بوۋام ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، مۇشتىنى تۈگۈپ تالغىلىرىمغا دېۋەيلەپ:

— ھوي، چىلبۆرىلەر! مەن بىلەتتىم، سىلەر ئۇنى كۆرەلمەيتتىڭلار!... — دېدى.

موماملار يەرگە ئولتۇرۇۋېلىپ، قوللىرى بىلەن سىگانوكنىڭ يۈزىنى توختىماي سىلايتتى. ئۇ كېيىن ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا:

— يوقىلىش، ئىپلاسلار! — دېدى.

ھەممەيلەن ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاخىر سىگانوكنىڭ ئۆلۈمى ۋاڭ-چۇڭسىز دەپنە قىلىندى.

## 4

مەن كەڭ كارىۋاتتا، موماممىنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقى-
نىنى تىڭشاپ ياتاتتىم. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىر
قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بىر قولى بىلەن ئالدىرىماس-
تىن، توختاپ ـ توختاپ چوقۇناتتى.

موماﻡ ئىبادىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كارىۋاتنىڭ
يېنىغا كەلدى، مەن ئەتەي تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندەك بولۇ-
ۋالدىم.

— ھەي، ھارامزادە، ئۇخلىمىغانسەن تېخى؟ — دېدى
ئۇ ئاستاغىنا.

ئەمدى ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم
ئۈچۈن، ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتىم. موماﻡ ئاچچىقى
بىلەن:

— ھوي، ھارامزادە، ئەمدى قېرى موماڭنى زاڭلىق
قىلىدىغان بولدۇڭمۇ؟ — دېدى.

موماﻡ يوتقاننىڭ بىر چېتىنى تۇتۇپ بىر كۈچەپ
تارتىۋىدى، مەن موللاق ئېتىپ ماﻣۇق تۆشەككە چۈشتۈم،
موماﻡ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ھە، شا كىچىك، ئەدىپىڭنى يېگەنسەن! — دېدى.
بەزىدە، موماﻡ ناھايىتى ئۇزاق ئىبادەت قىلاتتى، بۇ

چاغدا مەن راستلا ئۇخلاپ قالاتتىم.

خاپىچىلىق، ئۇرۇش ـ جاڭجال بولغان كۈنلىرى ئىبادەت قىلىش ئۆزۈنغا سوزۇلاتتى، بۇنداق ئىبادەتنى ئاڭلاش بەك قىزىق تۇيۇلاتتى. مومام ئۆيدە بولغان ئىش- لارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن ـ ئاياغ پەرۋەردىگارغا ئېيتىپ بېرەتتى.

— ئېھ پەرۋەردىگار، ئۆزۈڭگە مەلۇمكى، ئوغلۇم مىخائىل باللارنىڭ چوڭى، ئۇنىڭ شەھەردە تۇرغىنى ياخشى، ئۇنىڭ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا بېرىپ تۇرغۇسى كەلمەيدۇ. دادىسى بولسا تولاراق ياكوفنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆز باللىرىغا ئوخشاش قارىمايدۇ، ئېھ پەرۋەردىگار، ئۇ- نىڭغا ئۆزۈڭ يول كۆرسەتكىن.

موموام يېنىپ ـ يېنىپ چوقۇنۇپ، ئېگىشىپ تىز- لىنىپ ئولتۇراتتى، يەنە ئۆزىنى رۇسلاپ، چىن ئېتىقاد بىلەن:

— ئېھ، پەرۋەردىگار، گرىگورىنىمۇ ئۇنتۇپ قالما، ئۇنىڭ كۆزلىرى بارغانسېرى ئوساللىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قارىغۇ بولۇپ قالسا، تىلەمچىلىك قىلسا بولىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس! ئۇ پۈتۈن كۈچىنى بىزنىڭ بوۋايغا سەرپ قىلدى، بوۋايىنى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ دەمسەن؟ ئېھ، پەرۋەردىگار... — دېيتتى.

مومامنىڭ خۇداسى مېنىڭ كۆڭلۈمگە بەك ياقاتتى.

مەن پات ـ پاتلا مومامغا: «پەرۋەردىگار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىن» دەپ يالۋۇراتتىم.

— پەرۋەردىگار دېگەن جەننەتتە، — دەيتتى موماماڭا، — جەننەت ئىنتايىن گۈزەل، پەرۋەردىگار جىمىكى ئىشلارنى پەرىشتىلەر ئارقىلىق بىلىپ تۇرىدۇ، پەرۋەر- دىگار ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ.

— سەن پەرۋەردىگارنى ۋە پەرىشتىلەرنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرمىگەن بولسامۇ، بىلىمەن، — دەيتتى موماڭم بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، — قەدىرلىك قوزام، پەر- ۋەردىگارنىڭ ھەممە نېمىسى ياخشى، ئاسمىنىمۇ، يېرىمۇ بەك ياخشى.

— بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرمۇ ياخشىمۇ؟

موماڭم چوقۇنۇپ قويۇپ:

— خۇداغا شۈكرى، ھەممىسى ياخشى، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

بۇ سۆزلەر مېنى گاڭگىرىتىپ قوياتتى. مېنىڭچە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئې- تىراپ قىلىش تەس ئىدى، ئەكسىچە، كۆڭلەرنىڭ بار- غانسېرى تەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

بىر كۈنى مەن مىخائىل تاغامنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى- دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ناتالىيە چوڭ ئاپامنىڭ ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ:

— پەرۋەردىگارىم، مېنى ئېلىپ كەتكىن، — دەپ نالە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

مەن ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇنداق نالە قىلىشىنى چۈشىنەتتىم. گرىگورى ئۇستامىنىڭمۇ دائىم: «بۇ يەردە تۇرغىنىمدىن قارىغۇ بولۇپ تىلەمچىلىك قىلغىنىم مىڭ ياخشى» دەپ غوتۇلداشلىرىنىمۇ چۈشىنەتتىم.

ناتالىيە هامامنىڭ كۆزىنىڭ كۆكىرىپ قالغانلىقىنى، كالپۇكلىرىنىڭ ئىششىپ قالغانلىقىنى پات-پاتلا كۆرۈپ قالاتتىم، مومامدىن: «تاغام ئۇنى ئۇرامدۇ؟» دەپ سورىسام، مومام ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— ئۇ هەر كۈنى كېچىسى ئۇنى ئۇرىدۇ، تاغاڭ نا-هايىتى زالىم... — دېدى ئۇ ۋە يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇ-رۇپ، — هازىر ئىلگىرىكىدەك قاتتىق ئۇرمايدۇ. هازىر بىرنەچچىنى ئۇرۇپلا بولدى قىلىدۇ، ئىلگىرى تېخى سائەتلەپ ئۇراتتى! بىر قېتىم بوۋاڭ مېنى چۈشتىن تارتىپ كەچكىچە ئۇرغانىدى، ئۇ ۋاقىتتا ئۇرۇپ هېرىپ كېتىپ، بىرئاز دېمىنى ئېلىۋېلىپ، ئارغامچا بىلەنمۇ ئىشقىلىپ قولىغا نېمە چىقسا شۇنىڭ بىلەن ئۇر

— دېدى.

— نېمىشقا ئۇرىدۇ؟

— ئېسىمدە يوق. بىر قېتىم ئۇ مېنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپ، بەش كۈنگىچە تاماق بەرمىگەن،

شۇ چاغدا ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قالغانىدىم.

مەن بۇنىڭغا ھەيران قالدىم، مومام بوۋامغا قارىغاندا بىر ھەسسە يوغان ئىدى.

— ئۇ سىبىنىڭدىن كۈچلۈكمۇ؟

— ياق، كۈچلۈك ئەمەس، لېكىن مېنىڭ ئىرىمدە، تەڭرى مېنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان، مەن چىداپ تۇرۇشۇم كېرەك....

بىر كۈنى مومام تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سەممە-مىي ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغاندا، بىردىنلا بوۋام ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— خوتۇن، بىزنى خۇدا ئۇردى — ئوت كەتتى! — دېدى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ساراي ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى مومام.

— بۇ ھەيكەللەرنى ئېلىڭلار! بالىلارنى كىيىندۈ — دەپ جىددىي، سالماق ئاۋازدا بۇيرۇق بەردى مومام.

مەن يۈگۈرگەن پېتى ئاشخانىغا چىقتىم، ھويلا تەرەپتىكى دېرىزە ئالتۇن رەڭ يالتىراپتتى. يالاڭ ئاياغ ياكوف تاغام ئۇيان-بۇيان سەكرەيتتى ۋە:

— بۇنى چوقۇم مىخائىل قىلدى، ئۇ ئوت قويۇۋېتىپلا قېچىپ كەتتى، — دەپ ۋارقىرايتتى.

دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىدىن بوياقچىلىق ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاپئاق قار بېغىر رەڭ بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۆينىڭ تاملىرى لىڭشىپ تۇراتتى، نېمىسىنىڭدۇر پارتلىغان ئاۋازى قۇلاقنى يارغۇدەك ئاڭلاندى.

بۇ چاغدا مومام بېشىغا تاغار، ئۈستىگە يوتقاننى ئوراپ، ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ:


— سۇلفاتلار، ئەخمەقلەر، سۇلفاتلار پارتلاپ كېتىدىغان بولدى! — دەپ ۋارقىرىدى.

— گرىگورى، ئۇنى تۇتۇۋال! — دەپ ۋارقىرىدى بوۋام، —ئاھ، ئۇ ئەمدى تۈگىشىدىغان بولدى!...

دەل شۇ چاغدا مومام سۇلفات قاچىلانغان يوغان بوتۇلكىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئوت ئىچىدىن شۇڭغۇپ چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستۈبېشىدىن ئىس پۇرقىراپ چىقىپ تۇراتتى. مومام بوتۇلكىنى ئاپىرىپ دۆۋىلەكلىك قارغا تىقىپ قويدى. ئاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى ۋە ھويلىغا يۈگۈرۈشۈپ كىرگەن قولۇم- قوشنىلارغا تەزىم قىلىپ:

— ئامبارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، قوشنىلار! بىزنىڭ بارى- يوقىمىز كۆيۈپ كۈل بولىدۇ، ئوت سىلەرنىڭكىگىمۇ تۇتىشىدۇ! —دېدى.

مومام ھويلىدا ئۇياقتىن- بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ،



ـەممىگە قوماندانلىق قىلاتتى. ئوت بېسىلىپ، تېزلا ۆچۈرۈلدى.

مومام ئاشخانىغا كىردى:

— بۇ كىم؟ سەنمۇ؟ قورقۇۋاتامسەن؟ قورقما، ھەممە ـىش تۈگىدى، — دېدى.

ئۇ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇردى، ئەتراپ يەنە جىمجىت ۋە قاراڭغۇ كېچىگە قايتتى.

بوۋام ئۆيگە كىرىپ، بوسۇغىدا توختىدى ۋە:

— ئانىسىما؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە.

— بىرەر يېرىڭ كۆيدىمۇ؟

— ھېچقىسى يوق.

بوۋام مومامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— خۇدا ساڭا چوڭ ئەقىل بېرىپتىكەن... — دېدى.

مەن ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. مەن ئەمدىلا كارىۋاتتا ياتقانىدىم، بىر چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن يەنە ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىردىم.

بوۋام قولىدا شام تۇتقان پېتى ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى، ئۇ خىرقىراپ:

— خوتۇن، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ناتالىيە تۇغۇۋاتىدۇ، — دېدى مومام. مەن شۇندىلا

بايىقى ئاۋازنىڭ ناتالىيەنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئانام تۇغقاندا ئۇنداق قاتتىق ۋارقىرىمىغانىدى.

بوۋام بىلەن تاغام ھودۇقۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا تەمتىرىشىپ يۈگۈرەتتى، مومام ئۇلارنى قوغلىماقتا ئىدى. گرىگورى مەشكە ئوت يېقىۋېتىپ، ماڭا:

— موماڭ بايىلا ئوتنىڭ ئىچىدىن چىققان تۇرسا، قانداق تۇغدۇرالايدۇ؟ ھاماڭنىڭ ۋارقىراۋاتقىنىنى قارا، — دېدى.

مەن شۇ ئارىلىقتا ئۇخلاپ قاپتىمەن، كۆزۈمنى ئاچسام ئۆينىڭ ئىچى غەلىتىلا كۆرۈندى، ئورۇندۇقلاردا يات ئادەملەر لىق ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى بىرنەرسىنى ساقلاۋاتقاندەك جىم ئولتۇرۇشاتتى.

بوۋام ياكوف تاغامغا مېنى كۆرسىتىپ:

— مۇنۇنى ئاپىرىپ ياتقۇزە، ئۇخلىسۇن، — دېدى. ياكوف تاغام مېنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، مەن كارىۋاتقا چىققاندا، ئۇ قولىقىمغا:

— ناتالىيە ھاماڭ ئۆلۈپ قالدى، — دەپ پىچىرلىدى.

مەن كارىۋاتتا بېشىمنى تەكىينىڭ ئاستىغا تىقىۋېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا سىگانوكنىڭ ئۆلگەن ھالىتىنى ئەسلىدىم، ئاللىقانداق بىرنېمە كاللامدا كېڭىيىۋاتقاندەك،

ئىغىر ماشىنىلار ئاستا ئۇستۇمدىن بىسىپ ئۆتۈپ، مىنى ئىزىپ، يانجىۋاتقاندەك سىزىلدى....

ئىشىك ئاستا ئىچىلىپ، مومام ئۆيگە ئۆمىلەپ دې-گۈدەك كىرىپ كەلدى. مۆرىسى بىلەن ئىشىكنى يىپىپ، بىرئاز يۆلىنىپ تۇرۇپ، قوللىرىنى سوزۇپ، ئازابلانغان ھالدا:

— ۋاي قولۇم، قولۇم ئاغرىپ كىتىۋاتىدۇ...— دىدى.

## 5

ئەتىيازدا، تاغىلىرىم بۆلۈنۈپ چىقتى. ياكوف شە-ھەردە قالدى، مىخائىل دەريانىڭ ئۇ قىتىغا كۆچۈپ كەتتى. بوۋام بولسا باشقا بىر كوچىدىن ئۆزىگە ئاجايىپ چىرايلىق چوڭ ئۆي سىتىۋالدى، بۇ ئۆينىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە قاۋاقخانا، ئۈگزىسىدە كىچىككىنە بالىخانىسى، يان تەرىپىدە بىغى بار ئىدى.

پۈتۈن ئۆيلەر ئىجارىگە ئولتۇرغۇچىلار بىلەن لىق تولغانىدى، بوۋام ئۈستۈنكى قەۋەتتىن ئۆزى ئۈچۈن ۋە مىھمان كۈتۈشكە يوغان بىر ئىغىز ئۆينى ئىلىپ قال-دى، موموم ئىككىمىز ئۈگزىدىكى بالىخانىغا جايلاشتۇق.

ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى بوۋام ئوغۇللىرىنىڭ ئىش-لىرىغا قارىشىپ بىرىش ئۈچۈن بوياقچىلىق دۇكىنىغا كىتەتتى، كەچتە ھىرىپ- ئاچقان ھالدا قايتىپ كىلەتتى؛

مومام ئۆيدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە تىنىماستىن تاماق ئې-
تىش، بىرنەرسىلەرنى تىكىش، كۆكتاتلىقتا ۋە باغدا
ئۇنى ـ بۇنى قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى؛ ئىجارىچىلەر
ئالجىپ قالغاندەك، هويلىدا ۋە ئۆيلەردە ئەتىدىن ـ كەچ-
كىچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇپۇر ـ توپۇر بولۇپ يۈگۈرۈ-
شۈپ يۈرەتتى؛ بەزىدە ئانام قەيەردىندۇ بىردەملىككە كې-
لىپ قالاتتى، مەغرۇر، سالاپەتلىك ئانام ھەممىگە سوغۇق
كۆزلىرى بىلەن قارايتتى ۋە ھېچقانداق ئىز قالدۇرماس-
تىن، تېزلا كۆزدىن غايىب بولاتتى.

بىر كۈنى، مومام ماڭا ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى ھاياتى-
نىڭ بىر قىسمىنى ئېيتىپ بەردى:

— مەن كىچىكىمدە دادامدىن يېتىم قالغان. ئانام
ياش ۋاقتىدا كەشتە تىكىشتە داڭق چىقارغان. كېيىن
ئوڭ قولى كاردىن چىقىپ، تور توقۇيالمايدىغان بولغان،
شۇنىڭ بىلەن خوجايىنلىرى ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋەت-
كەن. لېكىن ئۇ بىر قولى بىلەن قانداق ياشايدۇ؟ ھەر
يىلى كۈز بىلەن قىشتا ئانام ئىككىمىز ئامالسىز شە-
ھەردە تىلەمچىلىك قىلاتتۇق؛ ئەتىياز كەلگەندىن كې-
يىن، تەرەپ ـ تەرەپكە قاترايتتۇق. مەن توققۇز ياشقا
كىرگەندە، ئانام مېنى ئەگەشتۈرۈپ تىلەمچىلىك قى-
لىشقا نومۇس قىلىپ، شەھەردە تۇرۇپ قالدى، ئۆزى
تىلەمچىلىك قىلدى، مەن بولسام ئۆيدە تور توقۇشنى

ئۆگىنىشكە كىرىشتىم، ئانامغا تېزرەك ياردەملىشىش نىيىتىدە تىرىشىپ ئىككى يىل ھەپىلەشكەندىن كېيىن تور توقۇشنى ئۆگىنىۋالدىم ھەمدە پۈتۈن شەھەردە داڭق چىقاردىم....

مومام خۇشال كۈلەتتى، كۆزلىرىدىن نۇر چاقنى-غاندەك قىلاتتى.

جىمجىت بىر كېچىدە، مومام ئىككىمىز بوۋامنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچىپ ئولتۇراتتۇق، بوۋامنىڭ مىجەزى يوق، كارىۋاتتا ئولتۇراتتى. مەن قانداقتۇر گۇناھ قىل-غانلىقىم ئۈچۈن، بوۋام مېنى تالاغا ئوينىغىلى چىقار-مىغانىدى.

ئۇ بىردىنلا يېڭى بىر كىتابنى ئېلىپ، خۇشال ھالدا مېنى يېنىغا چاقىردى:

— ھەي، كەپسىز، ئولتۇر.

مەن بوۋامنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم، ئۇ ماڭا سىلاۋيان يېزىقىنى ئۆگەتكىلى تۇردى.

ئۇ بىر ھەرىپنى ئوقۇسا، مەن كەينىدىن ئەگىشىپ ئوقۇيتتۇم، شۇنداق قىلىپ، ئېلىپبەنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇدۇم. بوۋام تۇرۇپ تەرتىپ بويىچە سورايتتى، تۇرۇپ ئارىلاشتۇرۇپ سورايتتى....

ئاخىر بوۋام مېنى كارىۋاتتىن چۈشۈرۈۋەتتى:

— بولدى، بۇ كىتابنى ئال، ئەتە ھەممە ھەرپلەرنى

تېنىمەستىن ئوقۇپ بېرىسەن، ئەگەر توغرا ئوقۇپ بەر-
سەڭ، بەش كوپېك بېرىمەن....

مەن ھەرپلەرنى ئۆگىنىشتە ئانچە قىينالمىدىم،
بوۋاممۇ ماڭا بارغانسېرى غەمخورلۇق قىلىدىغان، مېنى
ئانچە ئۇرمايدىغان بولدى؛ مەن چوڭ بولغانسېرى يۈرەك-
لىك بولۇپ، بوۋامنىڭ قائىدىلىرىنى ۋە كۆرسەتمىلى-
رىنى كۆپرەك بۇزىدىغان بولدۇم، ئۇ پەقەت تىللاپ، پو-
پوزا قىلىپلا قويىدىغان بولدى.

كۆپ ئۆتمەي، شېئىرلارنى ئوقۇيالايدىغان بولدۇم،
كەچتە دائىم بوۋامغا شېئىر ئوقۇپ بېرەتتىم، لېكىن
شېئىر ئوقۇشتىن زېرىكىپ، بوۋامدىن ھېكايە ئېيتىپ
بېرىشنى سورىدىم.

بوۋام يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بېشىنى
كۆتۈرۈپ تورۇسقا تىكىلىپ، ئۆزىنىڭ باللىق دەۋرىنى
ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇ 1812 ـ يىلى ئىدى، مەن ئۇ چاغدا ئون ئىككى
ياشتا ئىدىم. ئوتتۇزدىن ئارتۇق فرانسۇز ئەسىرنى بىز-
نىڭ بۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىشتى. بىزنىڭكىدىمۇ ئىككى
فرانسۇز تۇراتتى: بىرى ئوفىتسېر، يەنە بىرى ئۇنىڭ
خىزمەتچىسى ئىدى. ھېلىقى خىزمەتچى ئانتقا ئامراق
ئىدى، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ قول ئىشارىتى قىلىپ ئاتلىرىغا
قاراپ بېرىشنى سورايتتى. دەسلەپ ھەممىمىز بۇ دۈشمەن



ئاتلارنى ئۆلتۈرۈپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەشتۇق، لېكىن كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممەيلەن ئۇنى ئۆزى چاقىرىپ ئىتنى يۇغۇزىدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ سارالڭ بولۇپ قېلىپ، تاياق يەپ ئۆلۈپ كەتتى.

بوۋام بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھېلىقى ئوفىتسېر ناھايىتى مۇلايىم ئادەم ئىدى، مېنى قولىقىمدىن تۇتۇپ فرانسۇز تىلىدا ئەركىلىتىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى، ئۇنىڭ تىلىنى چۈشەنمىسەممۇ، ئەمما ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئۇ ماڭا فرانسۇز تىلىنى ئۆگەتمەكچى بولاتتى. لېكىن ئانام ئۆگەنگىلى قويمىدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇمۇ كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىچىم ئاغرىپ، باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكتۇم.

مەن بوۋامدىن:

— فرانسۇزلار ياخشىمۇ، رۇسلارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن نەدىن بىلەي، — دېدى بوۋام ئاچچىقى بىلەن، كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى، — ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىدا سېرىق چاشقانمۇ ياخشى...

— رۇسلار ياخشىمۇ؟

— ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ بار.

— رۇسلار كۈچلۈكمۇ؟

— كۈچلۈكلىرىمۇ بار، لېكىن گەپ كۈچلۈك بو-لۇشتا ئەمەس، ئادەم ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ھامان ئاتقا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— فرانسۇزلار نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن ئۇرۇشىدۇ؟

— بىز نەدىن بىلەيلى، ئۇرۇش قىلىش پادىشاھلار-نىڭ ئىشى.

مېنىڭ «ناپولېئون قانداق ئادەم؟» دېگەن سوئالىمغا بوۋام مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدىغان جاۋاب بەردى:

— ئۇ مىجەزى ئۆتكەك ئادەم، ئۇ پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرماقچى، ئاندىن كېيىن ھەممە ئادەمنى ئوخشاش كۈن كەچۈرىدىغان، بايلارمۇ، ئەمەلدارلارمۇ بولمايدىغان، دەرىجە ـ تەبىقە دېگەنلەر يوق ھالەتتە ياشايدىغان، ھەربىر ئادەمنىڭ ھوقۇقى ئوخشاش بولىدىغان قىلماقچى. بوۋام بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ناپولېئوننىڭ قارىشىغا قوشۇل-مايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بوۋام ھېچقاچان مەن بىلەن دادام ۋە ئانام توغرۇلۇق پاراڭلاشمايتتى.

بۇ سۆھبەتلەرنىڭ ئۈستىگە مومام پات ـ پات كىرىپ قالاتتى، ئۇ ئاستا بىر بۇلۇڭغا بېرىپ جىم ئولتۇرۇپ، بىردىنلا يېقىملىق ئاۋاز بىلەن:

— بوۋاي، بىزنىڭ مۇرۇمۇ تېغىغا تاۋاپ قىلىشقا

بارغان ۋاقتىمىز قايسى يىلى ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئورمانلىقتا ئاۋگىنىسلارنى تۇتقان يىلى، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋام بىردەم ئويلىنىۋېلىپ.

— ھە، توغرا! بىزمۇ ئۇلاردىن قورقۇپ قاندۇق....

مەن قاچاقلارنىڭ كىملىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئورمانلاردا قېچىپ يۈرگەنلىكىنى سورىدىم. بوۋام:

— قاچاقلار ئادەتتە پۇقرالار، ئۇلار زاۋۇتلاردىن، ئىشتىن قاچقانلار، — دەپ چۈشەندۈردى.

— ئۇلارنى قانداق تۇتاتتى؟

— قانداق تۇتماقچىدى، ئۇلارنى تۇتۇش خۇددى بالىلارنىڭ مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئويۇنىغا ئوخشاش. بەزىلەر قاچىدۇ، بەزىلەر قوغلاپ تۇتىدۇ. تۇتۇۋالسا قامچا بىلەن ئۇرىدۇ، پېشانىسىگە تامغا بېسىپ، جازالاش بەلگىسى قىلىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— زۆرۈرىيەت ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. بۇنىڭدا قاچقان گۇناھكارمۇ ياكى تۇتقان گۇناھكارمۇ، بۇنى بىز چۈشەنمەيمىز....

ئۇلار ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەرنى ئەسلىشىپ، مېنىڭ بارلىقىمنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى شۇنچە ئاستا، شۇنچە مۇلايىم چىقاتتىكى، بەزىدە گويا ئۇلار ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك، لېكىن ئۇنىڭ ھەممىسىنى كۆڭۈلسىز

ناخشىلاردەك ھېس قىلاتتىم.

ئۇلار سۆزلەۋېتىپ نېمىشقىدۇر ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىشقا باشلىدى، بوۋام ئاچچىقلىنىپ، قاپىقىنى تۈردى.

— بولدى ئەمدى، بوۋاي...، — دەپ نەسىھەت قىلدى مومام.

— نېمىشقا بولدى قىلىمەن؟ قايسىلا تەرەپتىن قارىمىغىن، بۇ باللار يارامىلىق بولۇپ چىقمىدى. بىزنىڭ ئەجرىمىز نەگە كەتتى؟

بوۋام ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى، ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، باللىرىنى تىللىدى، كىچىككىنە ئورۇق مۇشتۇمىنى مومايغا تەڭلەپ ھەيۋە قىلدى:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەن يولدىن چىقاردىڭ، ئوغرى قىلىپ چىقتىڭ، سەن جادۇگەر!

بوۋام سۆزلىگەنسېرى ئېچى كۆيۈپ، يىغا ئارىلاش توۋلاپ، بۇلۇڭدىكى ھەيكەلنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، مۇشتى بىلەن ھە دەپ كۆكرىكىگە ئۇرغىلى تۇردى.

— ئاھ، تەڭرىم، مېنىڭ گۇناھىم باشقىلارنىڭكىدىن ئارتۇقمۇ؟ بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ، ياشقا تولغان كۆزلىرى غەزەپ بىلەن يالتىرايتتى.

موموم قاراڭغۇدا ئۇنىنى چىقارماستىن چوقۇناتتى،

كېيىن ئاستا بوۋامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى بەزلىدى:

— نېمىشقا بۇنچىۋالا چېچىلىسەن؟ پەرۋەردىگار قانداق قىلىشنى بىلىدۇ. قارىغىنا، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى بىزنىڭكىلەردىن ياخشى دەمسەن؟ ھەممىلا يەردە ئەھۋال شۇ: ئۇرۇش ـ جاڭجال، جېدەل ـ ماجىرا، خاپىچىلىق.

بەزىدە مومامنىڭ سۆزلىرى بوۋامنىڭ خاپىلىقىنى باساتتى، ئۇنچىقماستىن ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتاتتى. مومام ئىككىمىز ئاستا مېڭىپ ئۆز ئۆيىمىزگە — بالىخانىغا چىقىپ كەتتۇق.

لېكىن، بىر قېتىم موموم ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇنداق مۇلايىم سۆزلەرنى قىلغاندا، ئۇ بىرلا چۆرگىلەپ، مۇشتۇمى بىلەن موماممنىڭ يۈزىگە بىرنى سالدى. موموم سەنتۈرۈلۈپ كەينىگە كەتتى ۋە قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇپلا قالدى، كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن:

— ھەي ئەخمەق، ساراڭ! — دېدى.

ئۇ بوۋامنىڭ پۈتىنىڭ يېنىغا قان تۈكۈردى، بوۋام ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دېۋەيلەپ:

— يوقال، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

موموم «سارالڭ!» دەپلا ئىشىككە يېقىنلاشتى، بوۋام ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى، موموم ئالدىرىماستىن بوسۇغىدىن

ئۆتۈپ، بوۋامنىڭ ئالدىدا ئىشىكنى گۈپ قىلىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى.

ئاچچىقىدىن يۈزلىرى چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن بوۋام ئىشىكنى تۈتۈپ تۇرۇپ: «قېرى خوتۇن!» دەپ ۋارقىرىدى.

مەن كۆرگەنلىرىمگە ئىشەنمەي، بۇلۇڭدا ئولتۇراتتىم. بۇ، بوۋامنىڭ مومامنى مېنىڭ ئالدىمدا بىرىنچى قېتىم ئۇرۇشى ئىدى. بۇ ھال مېنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە سەسكەندۈردى.

بوۋام ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى، ئاندىن قولى بىلەن كۆكرىكىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— يا رەببىم... — دېدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈگۈرگەن پېتى بالىخانىغا چىقىپ كەتتىم.

موماm ئۇ يەردە ئاغرىنى چايقاۋاتاتتى.

— ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

موماm خاتىرجەملىك بىلەن:

— ھېچقىسى يوق، چىشلىرىم ساق، پەقەتلا كاللىپۇكۇم يېرىلىپ كېتىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇ نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟

موماm دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ:

— ئاچچىقى كېلىپلا يۈرىدۇ... قېرىغان چېغىدا

ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى.... سەن يېتىپ ئۇخلىغىن، بۇلارنى ئويلىما، — دېدى.

مەن مومامدىن يەنە بىرنېمىلەرنى سورىغاندىم، ئۇ ئادەتتىكى مۇلايىملىقىنى يوقىتىپ:

— تېنچ ئۇخلا دېدىمغۇ، نېمە گەپ ئاڭلىمايسەن؟... — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

مەن يېشىنىپ، ئورۇنغا كىردىم، مومام يېنىمغا كېلىپ ئاستا بېشىمنى سىلاپ:

— سەن تېنچ ئۇخلاۋەرگىن، مەن بوۋاڭنىڭ يېنىغا كىرىپ باقاي.... ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمىسۇن، مەندىمۇ ئەيىب باردۇ.... ئۇخلا! — دېدى.

مومام مېنى سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. يۈرىكىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشىپ كەتتى. مەن كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىنسىجىن يوق كوچىغا قاراپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغان ھالدا تۇرۇپ قالدىم.

## 6

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بوۋام بىلەن مەن شېئىر ئوقۇۋاتاتتۇق، مومام قاچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى، بىردىنلا ياكوف تاغام تۇيۇقسىز-

دىنلا ئالاقزادە بولغان هالدا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ چاچلىرى ئىلگىرىكىدەك قالايمىقان ئىدى، ئۇ سالاممۇ بەرمەستىن، شەپكىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، تىترىگەن هالدا، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— دادا، مىخائىل ناهايىتى ساراڭلىق قىلىۋاتىدۇ! تاماقنى بىزنىڭكىدە يەپ، ئازراقلا ئىچىۋېلىپ، ساراڭلىقى تۇتتىمۇ ـ قانداق، قاچا ـ قومۇچىلارنى چېقىپ، رەختلەرنى يىرتىپ تاشلىدى، دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىنىمۇ چېقىۋەتتى. هازىر بۇياققا كېلىۋاتىدۇ. دادامنىڭ ساقىلىنى يۇلىمەن، ئۇنى ئۆلتۈرىمەن دەۋاتىدۇ. ئېھتىيات قىلىڭ جۇمۇ.

بوۋام ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، پۈتۈن يۈزى، ھەتتا بويىنىغىچە قورۇلۇپ كەتتى.

— ئاڭلاۋاتامسەن، ئانىسى؟ — دەپ چىرقىرىدى ئۇ، — قارا، ئۆز ئوغلۇڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگىلى كېلىۋاتقۇدەك! شۇنداق، ۋاقتى كەلدى!...

بوۋام ئىشكىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىشكىنىڭ ئېغىر ئىلمىكىنى ئېلىپ قويدى، ئاندىن ياكوف تاغامغا بۇرۇلۇپ:

— سەن تېخىچىلا ۋارۋارانىڭ تويلۇق نەرسىلىرىنى قولغا كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ مانا ئېلىشە! — دەپلا، مۇشتۇمىنى تاغامنىڭ بۇرنىغا تەڭلىدى،

تاغام كەينىگە داجىپ، رەنجىگەن ھالدا:

— دادا، مېنىڭدە نېمە ئەيىب بار؟ — دېدى.

— سەندىمۇ؟ مەن سېنى ياخشى بىلىمەن!

— دادا، ئۇنداق دېمەڭ، مەن سىزنى قوغدىغىلى كەلدىم!...

— مېنى قوغدىغىلى؟ — دېدى بوۋام زاڭلىق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا، — ئەجەب ياخشى، رەھمەت، ئوغلۇم. ئانىسى، ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرگىن، لاخشىگىر ياكى دەزمال بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ياكوف، سەن ئاكاڭ كىرىشى بىلەنلا ئۇنىڭ بېشىغا ئۇر!

ياكوف تاغام بۇنى ئاڭلاپلا قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، بۇلۇڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

— ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسىز....

— ساڭا ئىشىنەمدىم؟ — ياكوف تاغام سۆزىنى تۈگەتمەيلا، بوۋام يەرنى تېپىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى، — ياق! مەيلى قانداق ھايۋان بولسۇن — ئىت بولامدۇ ياكى كىرپە بولامدۇ ھەممىگە ئىشىنىمەن، لېكىن ساڭا، مەن يەنە قاراپ باقاي، مەن بىلىمەن، سەن ئۇنى مەست قىلىپ قويغان، ئۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا سەن ئۆگەتكەن. قېنى ئەمدى ئۇر، يا مېنى، يا ئۇنى، خالىغىنىڭنى ئۇر....

مومام ماڭا ئاستا شىۋىرلاپ:

— چاپسان بالىخانىغا چىقىپ دېرىزىدىن قاراپ تۇرغىن، مىخائىل تاغاڭ كوچىدا كۆرۈنسىلا، دەررۇ كې-لىپ ماڭا دېگىن، تېز بول! — دېدى.

مەن دېرىزىدىن بويىنۇمنى چىقىرىپ كوچىغا تىكى-لىپ قاراپ تۇردۇم، بۇ كەڭ كوچا يارنى كېسىپ ئۆتۈپ مەيدانغا چىقاتتى.

ئەنە ئاۋۇ مىخائىل تاغام ئەمەسمۇ، ئۇ كوچىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇپ قاراۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇلارغا ئېيتمىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن مەن دېرىزىگە مىخلىنىپ قالغاندەك مىدىرلىماي تۇراتتىم. مەن تاغام-نىڭ قاۋاقخانىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. مەن تۆۋەنگە يۈگۈرۈپ چۈشۈپ بوۋامنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم.

— كىم؟ — دەپ قوپال ۋارقىرىدى بوۋام ئىشىكنى ئاچماي تۇرۇپ، — نېمە ئىشىڭ بار؟ نېمە، قاۋاقخانىغا كىرىپ كەتتىمۇ؟ بوپتۇ، قايتىپ كەت!

— مەن ئۇ يەردە يالغۇز قورقىمەن ...

— ئاشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن!

مەن يەنە دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدىم. قاراڭغۇ چۈشتى، ھەممە ئۆينىڭ دېرىزىلىرىدە سېرىق نۇرلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مېنى تۈرلۈك خىياللار چىرمى-ۋالدى. مەن يەنە ئانامنى ئەسلىدىم. مەن ئۇنى بارغانسې-رى كۆپرەك ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

مەن ئانامنى بوۋام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكتىكى كىشىلەرگە ئوخشىتاتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە، ئۇ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇشنى خالىماي، قوزغىلاڭچى ئەزىمەتلەر بىلەن بىرلىكتە چوڭ يول بويىدىكى كارۋان سارىيىدا تۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن باي يولۇچىلارنى بۇلاپ، بۇلىۋالغان نەرسىلەرنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈ-نەتتى.

بەزىدە ئانام ئورمانلىقتا، ئۆڭكۈرلەردە، ئەلۋەتتە ياخ-شى نىيەتلىك قاراقچىلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ تاماقلىرىنى پىشۇرۇپ بېرىۋاتقاندەك، ئوغرىلاپ كەلگەن بايلىقلىرىغا قاراپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

مۇشۇ خىياللارغا چۆكۈپ تۇرغىنىمدا، تۆۋەندىن ئاڭلانغان ئاياغ تاۋۇشى، ۋاڭ ـ چۇڭ، داد ـ پەريادلار مېنى سەگىتىۋەتتى. قارىسام، بوۋام، ياكوف تاغام ۋە قاۋاقخا-نىدىكى بىر خىزمەتچى مىخائىل تاغامنى ئىشىكتىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋاتاتتىكەن. مىخائىل تاغام ئىشىكتە تىرەجەپ تۇرىۋالدى، ئۇلار ئۇنىڭ بىلىكىگە، بويىنىغا، يەلكىسىگە ئۇردى، پۇتلىرىغا تەپتى، ئاخىر مىخائىل تا-غام كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئىشىك جالاق قىلىپ يې-پىلدى، ئاندىن زەنجىر سېلىنىپ قۇلۇپلاندى، ئەتراپ جىمجىت بولۇپ قالدى.

مىخائىل تاغام كوچىدا بىردەم ياتقاندىن كېيىن،

ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلى يىر
تىلىپ، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ يوغان بىر
تاشنى ئېلىپ، ئىشىككە قارىتىپ ئاتتى، ئۇنىڭدىن قات
تىق ئاۋاز ئاڭلاندى.

مومام بوسۇغىنىڭ يېنىدىكى ساندۇق ئۈستىدە تۇ.
گۈلۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ:

— ئىبە پەرۋەردىگارىم، ماڭا ۋە باللىرىمغا ئەقىل
بەرگىن! ئىبە پەرۋەردىگارىم، بىزگە رەھىم قىل... — دەپ
غودۇڭشىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، بوۋام يېڭى ئالغان بۇ ئۆيدە
بىر يىلچە تۇرغان بولسا كېرەك، ئالدىنقى باھاردىن
كېيىنكى باھارغىچە تۇردىغۇ دەيمەن. لېكىن بۇ مەز.
گىلدە، بۇ ئۆي جاڭجالدا داڭق چىقاردى. ھەر يەكشەنبىدە
دېگۈدەك بىر توپ باللار بىزنىڭ ئىشىككە كېلىۋېلىپ:
«بۇ ئۆيدىكىلەر يەنە ئۇرۇشۇۋاتىدۇ!» دەپ، پۈتۈن كوچىنى
بىر ئالغۇدەك ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىشاتتى.

ئادەتتە مىخائىل تاغام قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا
بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، كېچىچە مۆكۈنۈپ يې.
تىپ، يىراقتىن بىزنىڭ تۇرالغۇنى ماراپ، ھەممەيلەننى
ئەندىشىگە سالاتتى. ئۇ بەزىدە توغرا كەسىپ بىلەن شۇ.
غۇللانمايدىغان ئىككى ـ ئۈچ سولتەكنى ئارقىسىغا سې.
لىۋېلىپ، ئوغرىلىقچە باغقا كىرىپ، باغدىكى تېرىغان

نەرسىلەرنى قويماي يۇلۇۋېتەتتى؛ بىر قېتىم ئۇلار مۇن-
چىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى بۇزغىلى بولىدىغان نەرسى-
لەرنىڭ ھەممىسى، يەنى تەكچىلەرنى، ئورۇندۇقلارنى ۋە
قازاندىن تارتىپ سۇندۇرۇپ، مەشنى ئۆرۈپ، ئىشىكنى
ئومۇرۇۋەتكەنىدى، ھەتتا پولنىڭ بىرقانچە تاختىيىنىمۇ
ندۇرۇۋەتكەنىدى.

بوۋامنىڭ چىرايى قارىداپ كەتكەن بولۇپ، ئۇن
قارماي، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۈلكىنى ۋەيران قىلىۋات-
سىغا دېرىزە ئالدىدا جىممىدە قاراپ تۇراتتى.
مومام بولسا ھويلىدا ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈپ يىلى-
مپ:
— مىخائىل، بۇ نېمە قىلغىنىڭ! — دەيتتى. ئۇ-
جاۋابەن ناھايىتى سەت تىللاشلار ئاڭلاندى.
بۇنداق چاغدا مومامنىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىقال-
تتىم؛ لېكىن مومام يېنىمدا بولمىغاچقا قورقاتتىم،
نىڭ بىلەن بوۋامنىڭ خانىسىغا كىردىم، كىم بىلى-
ن، بوۋام مېنى كۆرۈشى بىلەنلا:
— يوقال! ئۆلگۈر! — دەپ ۋارقىرىدى.
مەن يەنە يۈگۈرۈپ بالىخانىغا چىقىپ كەتتىم. دې-
رىزىدىن قاراڭغۇ باغقا ۋە ھويلىغا قارىدىم، مومامدىن
كۆزۈمنى ئۈزمەيتتىم، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويامدىكىن دەپ
قورقۇپ، ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم. مەست مىخائىل

تاغام مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئانامنى ئاغرىپ
بۇزۇپ تىللىدى.

شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە، بوۋام تاۋى يوق بولۇپ قېلىپ، كارىۋاتتا ياتاتتى، ئۇ لۆڭگە بىلەن ئوراپ قويغان بېشىنى ئۇياقتىن - بۇياققا چايقاپ:

— مىڭ جاپادا تاپقان پۇلۇم، ئاقىۋەت مۇشۇ هال قالدى. ئەگەر ئۇيات - نومۇسنى دېمىسەم، ئاللىبۇر ساقچى چاقىرغان بولاتتىم.... ئۆز بالىسىنى ساقچى تاپشۇرىدىغانلار ئاتا - ئانا بوپتىمۇ؟ هەي، ئامال يو ئۇنداق بولغاندىكىن تىنچ يېتىۋەر، قىلغۇلۇقىنى قىل ۋەرسۇن! — دەپ ۋارقىراپ زارلاندى.

ئۇ تۇيۇقسىزلا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، سەنتۈرۈل دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى. مومام ئۇنىڭ قولتۇقى تۇتۇۋېلىپ:

— نەگە بارىسەن، نەگە؟ — دەپ سورىدى.

— چىراغنى ياق! — دەپ بۇيرۇدى بوۋام دېمى س قىلغان، هاسىرىغان هالدا مومامغا.

موموم شامنى ياندۇردى. بوۋام خۇددى ئەسكەر تىمقنى تۇتقاندەك، شامداننى ئىككى قولىدا تۇتۇپ تۇر دېرىزە ئالدىدا:

— هەي، مىخائىل، قاراڭغۇ ئوغرىسى، قۇتۇرىسەن غالجىر ئىت! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

بۇ سۆز بىلەن تەڭلا، «جاراڭ» قىلغان ئاۋاز چىـ
پ، دېرىزىنىڭ ئۈستۈنكى كۆزى پارە-پارە بولۇپ
قىلدى ۋە موماممىنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە
رىم پارچە خىش ئۈچۈپ چۈشتى.

— تەگكۈزەلمىدىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى بوۋام. ئۇنىڭ
زىدىن كۆلۈۋاتقانلىقى ياكى يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلگىـ
بولمايتتى.

موما م خۇددى مېنى كۆتۈرگەندەك، بوۋامنى دەس
تۇرۇپ كارىۋاتقا قويۇپ، ئۆڭسۈلى يوقلا:

— ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە بولدى؟ بۇنداق قىلساڭ
ى سىبىرىيىگە ئېلىپ كەتمەمدۇ؟ ئۇ قىزىپ قالغاندا
مىرىيىنىڭ نېمىلىكىنى نەدىن بىلسۇن! — دېدى.

بوۋام پۇتلىرىنى تېپىرلىتىپ:

— مەيلى، ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرۈۋەتسۇن!... — دەپ
قىرىدى. دېرىزىنىڭ كەينىدە بىرسىنىڭ ھۆركىرد
، دۇپۇلدەپ ماڭغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ھېلىقى
كى خىش پارچىسىنى ئېلىپ دېرىزە تەرەپكە قاراپ
ردۇم. موماممىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى ۋە مېنى
ڭغا ئىتتىرىپ، ئاچچىقى بىلەن:

— ھوي، شۇمتەك!... — دېدى.

يەنە بىر كۈنى، تاغام يوغان بىر كالتەكنى تۇتقان
ا ھويلىدىن ئۆتۈپ، دالانغا كىردى. ئۇ پەلەمپەيدە

تۇرۇپ ئىشىكنى قاتتىق ئۇرغىلى تۇردى. ئىشىكنىڭ كەينىدە بوۋام يوغان كالتەك تۇتقان، ئۆينى ئىجارە ئې-لىپ ئولتۇرغۇچى ئىككى مېهمان ئۇزۇن ئۇچلۇق تاياق، قاۋاقخانىنىڭ ئايال خوجايىنى نوغۇچ تۇتقان هالدا پايلاپ تۇراتتى.

مومام ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ:

— مېنى ئۇنىڭ يېنىغا چىقىرىۋېتىڭلار، مەن ئۇ-نىڭغا گەپ قىلاي...، — دەپ يالۋۇراتتى.

بوۋام ئۇنى ئىتتىرىپ، تەپتى. مەن باللىخانىغا چى-قىدىغان پەلەمپەيدە تۇرۇپ بۇلارنى كۆرۈپ تۇراتتىم ۋە مومامنى يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكۈم كېلەتتى.

مىخائىل تاغام كوچىنىڭ بارىچە ئىشىكنى بۇزۇۋا-تاتتى، ئىشىك تەۋرەشكە باشلاپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قالدى.

بۇ چاغدا بوۋام دەرغەزەپ بىلەن، هەمراهلىرىغا:

— بىلىكىگە ۋە پۇتىغا ئۇرۇڭلار، بېشىغا ئۇرماڭ-لار! — دەيتتى.

ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە ئادەمنىڭ بېشى پاتقۇدەك كىچىككىنە دېرىزە بار ئىدى، تاغام ئۇنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتكەنىدى.

مومام ئاشۇ دېرىزىگە يېپىشىپ، قولىنى تاشقىرىغا چىقىرىپ ئىشارەت قىلىپ:

— مىخائىل، تېز كەتكىن، ئۇلار سېنى ناكار قى-لىپ قويىدۇ، تېز كەت! — دەپ ۋارقىرىدى.

تاغام مومامنىڭ قولىغا كالتەك بىلەن ئۇردى، مو-مام ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، ئەمما توختىماستىن:

— مىخائىل، تېز قاچ... — دەپ ۋارقىرايتتى.

ئىشىك ئۆرۈلۈپ چۈشتى، تاغام قاپقاراڭغۇ ئۆيگە سەكرەپ كىردى، لېكىن شۇ زامات خۇددى ئەخلەتنى چۆرۈگەندەك، تالاغا ئىرغىتىپ تاشلاندى.

قاۋاقخانىنىڭ ئايال خوجايىنى مومامنى بوۋامنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى، كېيىن بوۋاممۇ كىرىپ كەتتى. ئۇ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن هالدا مومامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— بىر يېرىڭ سۇنمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ۋاي، سۇنغان ئوخشايدۇ، — دېدى موماام كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ، — ئۇنى نېمە قىلدىڭلار؟

— ئۇنى باغلاپ قويدۇق، ئوتۇنخانىدا ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستۈېشىغا سۇ قۇيدۇم.... هەي، نېمىدېگەن تەرسا ـ هە! ئۇ كىمگە ئوخشاپ قالغاندۇ؟

موماام يەنە تولۇلاشقا باشلىدى:

— تېڭىقچىغا ئادەم ئەۋەتتىم، بىرئاز چىداپ تۇر-غىن، — دېدى بوۋام مومامنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، — ئۇلار سەن بىلەن مېنى قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ، ئەجەلى-مىزدىن بۇرۇن ئۆلىدىغان بولدۇق.

— ھەممە مال ـ مۈلۈكنى ئۇلارغا بېرىۋەت.

— ۋارۋاراچۇ؟

ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشتى. مومام بوش ئاۋاز بىلەن بىچارىلەرچە سۆزلەيتتى، بوۋام بولسا ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ سۆزلەيتتى.

بىركەمدىن كېيىن، پاكارغىنا بىر دوك مومايكەلدى. مەن ئۇنى مومامنىڭ جىنىنى ئالىدىغان ئەزرا- ئىل بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، شۇنىڭ بىلەن سەك- رەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاۋازىمنىڭ بارىچە:

— بۇ يەردىن يوقال! — دەپ ۋارقىرىدىم.

لېكىن بوۋام مېنى تۇتۇۋېلىپ، دۈشكەلگەن پېتى باللىخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

7

مەن خېلىدىن بېرى بوۋامنىڭ خۇداسى باشقا، مو- مامنىڭ خۇداسى باشقا دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم.

مومام ھەر كۈنى سەھەردە ئويغىنىپ كارىۋاتتا ئول- تۇرۇپ چېچىنى تارايتتى، تاراپ بولغاندىن كېيىن تېزلا ئۆرۈۋالاتتى، ئاندىن ئالمان ـ تالمان يۈزىنى يۇيۇپ، بۇت- نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىبادەت قىلاتتى.

مومام مۈكچەيگەن دۈمبىسىنى رۇسلاپ، مەيدىسىنى

كېرىپ، چىن دىلى بىلەن چوقۇناتتى:

— شەپقەتلىك بۇۋى مەريەم ئانىمىز، قىيامەت كۈنى رەھىم قىلغايسەن، — دەپ پىچىرلايتتى.

ئۇ پېشانىسى يەرگە تەگكۈچە سەجدە قىلاتتى، ئاندىن ئۆزىنى رۇسلاپ، يىغلىۋاشتىن ئىبادەت قىلاتتى:

— ھەممىدىن پاك بۇۋى مەريەم ئانىمىز، بەختىمىزنىڭ مەنبەسىسەن، چېچەككە تولغان ئالما دەرىخىسەن، — دەپ پىچىرلايتتى.

ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى يىغى - يىغى مەدھىيە سۆزلىرىنى ئىزدەيتتى، شۇڭا، ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئىبادىتىگە پۈتۈن دىققىتىم بىلەن قۇلاق سالاتتىم.

ئۇنىڭ ئىبادىتى ھەردائىم ھەمدۇسانا ئوقۇشتىن، ھەقىقىي ۋە سەممىيلىك بىلەن ماختاشتىن ئىبارەت ئىدى.

بەزىدە بوۋام بالدۇر ئويغىنىپ، بالىخانىغا چىقىپ مومامنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالسا، چاي ۋاقتىدا كوتۇلداپ:

— مەن سەن قاپاق باشقا قانداق ئىبادەت قىلىشنى قانچە قېتىم ئۆگەتتىم، لېكىن سەن ئۆزۈڭنىڭ بىرنېمىلىرىنلا ۋالاقلايسەن، تەڭرى سېنىڭ قىلمىشىڭغا قانداق تاقەت قىلىدىكىن - تاڭ؟ — دەيتتى.

— ئۇ چۈشىنىدۇ، — دەپ ئىشەنچلىك جاۋاب بېرەتتى

مومام، — ئۇنىڭغا نېمە دېسەڭمۇ چۈشىنىۋالالايدۇ....

موماممنىڭ خۇداسى كۆن بويى ئۆزى بىلەن بىللە ئىدى، ئۇ ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ خۇدا ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى.

قاۋاقخانىنىڭ ئايال خوجايىنى سېرىق كۆزلۈك بىر مۈشۈك باققان بولۇپ، ھويلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى، ئۇ مۈشۈك باغدىن بىر قارىغۇجىنى تۇتۇپ چىقتى، مومام ئۆلەي دەپ قالغان ھېلىقى قۇشنى ئاجرىتىۋېلىپ، مۈشۈكنى ئەيىبلەپ:

— تەڭرىدىن قورقماسەن؟ ئىپلاس زالىم! — دەپ غودۇڭشىدى.

قاۋاقخانا خوجايىنىنىڭ خوتۇنى ۋە ھويلىدىكىلەر مومامنىڭ بۇ سۆزىگە كۈلۈشتى، مومام غەزەپلىنىپ، ئۇلارغا:

— ھايۋانلار تەڭرىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ئۇلار تەڭرىنى سىلەردىن ياخشى بىلىدۇ! — دېدى.

مومام تەڭرىنىڭ نامىنى بوۋامغا ئوخشاش كۆپ ئېغىزغا ئالمايتتى. مومامنىڭ خۇداسى ماڭا چۈشىنىش-لىك ئىدى ھەم قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇ تەڭرىنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەش ناھايىتى ئۇيات ئىدى. شۇڭا، مومامغا پەقەت يالغان گەپ قىلمايتتىم.

بىر كۈنى قاۋاقخانىنىڭ ئايال خوجايىنى بوۋام بىلەن

ئۆرۈشۈپ قىلىپ، ئۆرۈشقا پەقەت ئارىلاشمىغان موما-
نىمۇ قوشۇپ، ناھايىتى قاتتىق تىللاپ كەتتى، ھەتتا
ئۇنىڭغا بىر تال سەۋزىنىمۇ ئاتتى.

مەن قاتتىق خاپا بولدۇم ۋە بۇ ئىپلاس خوتۇندىن
ئۆچ ئالماقچى بولدۇم. مەن قولۇم- قوشنىلارنىڭ بىر-
بىرىدىن مۇشۇكلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ تاشلاش،
ئىتىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش، سەي چىلىغان تۇڭلىرىغا
كىرسىن قۇيۇۋېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۆچ ئا-
لىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن بۇنداق ئۇسۇللار ماڭا
ياقمىدى، مەن تېخىمۇ يامان بىر ئۇسۇلنى ئويلاپ تاپ-
تىم.

بىر كۈنى، قاۋاقخانىنىڭ ئايال خوجايىنى گەمىگە
چۈشكەندە، گەمىنىڭ قاپقىقىنى ئېتىپ، قۇلۇپ سېلىپ،
ئاچقۇچىنى ئۆگزىگە تاشلىۋېتىپ، يۈگۈرگەن پېتى ئاش-
خانىغا كىرىۋالدىم. ئاشخانىدا مومام تاماق ئېتىۋاتقانىدى،
ئۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمنى
بىلگەندىن كېيىن، كاسسامغا بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇپ،
ئاندىن ئاچقۇچنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆگزىگە چى-
قىرىۋەتتى، مەن مومامنىڭ بۇ قىلىقىدىن ھەيران بول-
دۇم، لېكىن ئاچقۇچنى تېپىپ ئۇنىڭغا بەردىم. مومام ئۇ
خوتۇننى گەمىدىن چىقىرىۋالدى ۋە ئىككىسى ھويلىدا
دوستلارچە كۈلۈشۈپ ماڭدى.

مومام مېنى ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىپ:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ ساڭا سەۋزە ئاتقان تۇرسا.

— سەن مەن ئۇچۇن قىلغان ئىكەنسەنده؟ مۇنداق دېگىن!... بالىخانىغا چىقىپ كىتابىڭنى ئوقۇ!

مومام شۇ كۈنى كەچكىچە ماڭا گەپ قىلماي يۈردى، كەچقۇرۇنلۇقى ماڭا نەسىھەت قىلىپ، ئۆمۈرۋايەت ئېسىمدىن چىقمايدىغان سۆزلەرنى قىلدى:

— تاتلىق بالام، ئېسىڭدە بولسۇن، چوڭلارنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! چوڭلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇلغان، تەڭرى ئۇلارنى سىناۋاتىدۇ. سەن تېخى نارەسىدە بالىسەن، سەن بالىلارنىڭ ئويى بويىچە ياشىغىن. كىمنىڭ قانداق گۇناھى بار، بۇنى تەڭرى ھۆكۈم قىلىدۇ؛ جازالايدۇ. بۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، بىزنىڭمۇ ئىشىمىز ئەمەس.

مومام بىردەم تۇرۇۋېلىپ، يەنە قوشۇمچە قىلىپ:

كىمنىڭ قانداق گۇناھ قىلغانلىقىنى تەڭرىمۇ بەزىدە ئاجرىتالماي قالىدۇ، — دېدى.

— تەڭرى ھەممىنى بىلىپ كېتەلمەمدۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن.

— ئۇ ھەممىنى بىلىدىغان بولسا، كىشىلەر بۇنچىۋالا يامان ئىشلارنى قىلماس ئىدى. مومام بۇ گەپلەرنى قىلىپ

تۇرۇپ، ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ خۇداسى ماڭا تېخىمۇ يې-قىن، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇپ قالدى.

بوۋامىمۇ ماڭا تەڭرى ھەممىلا جايدا بار، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھەممە ئىشتا كىشى-لەرگە مېھرىبانلىق بىلەن مەدەت بېرىدۇ، دەپ ئۆگەتتە-تى، لېكىن ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىشى مومامنىڭكىگە ئوخشىمايتتى.

بوۋام ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇزاق يۇيۇناتتى، ئاندىن كىيىملىرىنى راۋۇرۇس كىيىپ، ئىبادەت قىلىشقا باش-لايتتى.

بوۋام ھەر قېتىم ئىبادەت قىلغاندا، ئىنجىلدىكى ئايەتلەرنى بىر قۇر يادلاپ چىقاتتى.

مەن ئەتىگەنكى ۋە كەچكى ئىبادەتتە ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يادقا بىلىپلا قالماي، بوۋام خاتا ئوقۇپ قويامدىكىن، چۈشۈرۈپ قويامدىكىن دەپ دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇراتتىم.

بوۋام ناھايىتى ئاز يېڭىلىشاتتى، ئۇنى بايقاپ قال-سام، ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ كېتەتتىم.

بىر كۈنى، بوۋام ئىبادەتتىن كېيىن مەن بىلەن مومامغا «ياخشىمۇسىلەر؟» دەپ سالام بەردى، بىز سا-لاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستەلدە ئولتۇردۇق، شۇ

چاغدا مەن بوۋامغا:

— سەن بۇگۈن «تولۇقلايدۇ» دېگەن سۆزنى چۈشۈ-رۈپ قويدۇڭ، — دېدىم.

— يالغان ئېيتمىۋاتىسەن! — دېدى بوۋام تەشۋىشلە-نىپ.

— راست چۈشۈرۈپ قويدۇڭ. «لېكىن مېنىڭ ئې-تىقادىم ھەممىنى تولۇقلايدۇ» دېيىش كېرەك ئىدى، «تولۇقلايدۇ» دېگەن سۆزنى چۈشۈرۈپ قويدۇڭ.

— راستما؟ — دېدى بوۋام ھەيران بولۇپ.

ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تۈرلۈك باھانىلەرنى تې-پىپ مېنىڭدىن ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، ھازىر ئۇنىڭ خىجالەتچىلىكتە قالغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم.

بىر قېتىم ، مومام قىزىقچىلىق قىلىپ:

— بوۋاي، تەڭرى سېنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭدىن زېرىكىپ كەتكەندۇ، سەن ھامان بىرلا نەرسىنى تەكرار-لاپ ئوقۇيسەن، — دېدى.

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى بوۋام غەزەپلەنگەن ھالدا ئاۋازىنى سوزۇپ.

— مەن قاچانلا ئاڭلىسام، تەڭرىگە ئۆز كۆڭلۈڭدىكى سۆزنى ئېيتىپ باقمايسەن.

بوۋام ماڭا تەڭرىنىڭ چەكسىز قۇدرەتلىكلىكى

ئۈستىدە سۆزلىگەندە، هامان ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ كۈچ-نىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئېيتاتتى.

— كىشىلەر گۇناھ قىلسا، — دەيتتى ئۇ، — تەڭرى ئۇلارنى سۇغا غەرق قىلىدۇ، يەنە گۇناھ قىلسا ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. تەڭرى ئادەملەرنى ئاچارچىلىق ۋە ۋابا بىلەن جازالايدۇ، جاھانغا شەمشەر بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، جىنايەتچىلەرنى قامچا بىلەن قامچىلايدۇ.

تەڭرىنىڭ رەھىمسىزلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەل-مەيتتى، بوۋام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېنى ئۆزىدىن قورقۇتۇش ئۈچۈن ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ گۇمان قىلاتتىم. شۇنىڭ بىلەن توغرىدىن - توغرىلا ئۇنىڭدىن:

— بۇ گەپلەرنى، مېنىڭ گېپىمگە كىرسۇن دەپ ئېيتىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇمۇ توغرىدىن - توغرىلا:

— ئەلۋەتتە، مېنىڭ گېپىمگە كىرمەمتىڭ؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا، مومام نېمىشقا ئۇنداق دېمەيدۇ؟

— سەن ئەخمەق مومايىڭنىڭ گېپىگە ئىشەنمە. ئۇ ساۋاتسىز، كاللىسى ئىشلىمەيدۇ.

ئەلۋەتتە، مەن پەقەت ئىككى تەڭرىنىڭ بالىلار نە-زەرىدىكى پەرقىنى قوپال ئىپادە قىلىۋاتىمەن، بۇنداق پەرق مېنىڭ قەلبىمنى ئىككىگە ئاجرىتىۋەتتى. بوۋامنىڭ

خۇداسى مېنىڭدە قورقۇنچ پەيدا قىلدى: ئۇ ھېچكىمنى ياقتۇرمايدۇ، ھەممىگە دەھشەتلىك نەزەرى بىلەن قارايدۇ، ھامان ئادەمنىڭ يامان تەرەپلىرىنى ئىزدەيدۇ، ئادەمنى جازالاشنى ياخشى كۆرىدۇ. موماملىڭ خۇداسى بولسا جىمىكى جانلىقلارنىڭ يېقىن دوستى، بوۋام بۇ مېھرىبان خۇدانى نېمە ئۈچۈن كۆرمەيدىغاندۇ؟

ئۆيدىكىلەر مېنى كوچىغا ئوينىغىلى چىقارمايتتى، چۈنكى ھەر قېتىم كوچىغا چىقسام بىر ئىش تېرىلا-تتى. ئاغىنەممۇ يوق ئىدى، قوشنىلارنىڭ باللىرى مېنى يامان كۆرەتتى. ئىشكتىن چىقسام، ئۇلار: «ئۇ-رۇڭلار ئۇنى!» دەپ ۋارقىرايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش باشلىنىپ كېتەتتى.

مەن ئۇرۇشۇشتا كۈچلۈك ھەم چېۋەر ئىدىم، بىراق پۈتۈن كوچىدىكى باللار بىرلىشىۋالسا، مەن يەنىلا تاياق يەپ قالاتتىم. ئۆيگە بۇرنۇم قانىغان، كالپۇكلىرىم يې-رىلغان، كىيىملىرىم يىرتىلغان، ئۇستۇبېشىم توپىغا مىلەنگەن ھالدا كىرىپ كېلەتتىم.

مومام بۇ ھالىمنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىغان ۋە قورققان ھالدا:

— نېمە، يەنە ئۇرۇشتۇڭمۇ؟ — دەيتتى.

بوۋام بولسا تىللىماستىن، قاتتىق قىلىپ:

— ئەمدى كوچىغا چىققۇچى بولما! — دەپلا قوياتتى.

ئەگەر كوچا جىمجىت بولسا، ئۆزۈمنىڭمۇ چىققۇسى كەلمەيتتى، ئەمما بالىلارنىڭ ۋالڭ ـ چۇڭلىرىنى ئاڭلاپ قالسام، بوۋامنىڭ چەكلەش بۇيرۇقىغا قارىماي، هويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتەتتىم. مەن كوچىدا بالىلارنىڭ بىرلىشىپ ئۇرۇشۇشىنى ئانچە ئىلىككە ئالمايتتىم، لېكىن بۇ بالىلارنىڭ رەھىمسىزلىكلىرى مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ماڭا تولىمۇ تونۇشلۇق بولغان رەھىمسىزلىكلىرى، مەسىلەن، خوراز سوقۇشتۇرۇش ياكى ئىت تالاشتۇرۇش، مەست ۋە دىۋانىلەرنى زاڭلىق قىلىشلىرى، بولۇپمۇ ساراڭلارنى بوزەك قىلىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلىرىگە چىداپ تۇرالمايتتىم.

كوچىدا تېخىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بىر ئەھۋال بولدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇزاق ۋاقىت بوۋامنىڭكىدە ئىشلىگەن گرىگورى ئۇستام قارىغۇ بولۇپ قېلىپ، تىلەمچىلىك قىلاتتى. پاكار بىر موماي ئۇنى يېتىلەپ ماڭغاچ:

— خۇدا يولىدا قارىغۇ مىسكىنگە رەھىم قىلىڭلار...، — دەيتتى.

مەن كوچىدا يىراقتىن گرىگورىنى كۆرۈپلا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، موماماغا:

— گرىگورى كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدۇ، — دېدىم.

— راستمۇ؟ — دېدى مومام ئېچىنغان ھالدا، — مانا مۇنۇنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەر.

مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ، ئاپىرىپ بەرگىلى ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مومام ئۆزى كوچىغا چىقىپ كەتتى. بەزىدە مومام ئۇنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ، چاي، تاماق بېرەتتى. بىر قېتىم ئۇ مېنىڭ قەيەردىلىكىمنى سوراپتۇ، مومام مېنى چاقىردى، لېكىن مەن مۆكۈۋالدىم.

مومام بىلەن مەن گرىگورى توغرىسىدا بىرلا قېتىم پاراڭلاشتۇق. مومام گرىگورىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئاستا يىغلاۋاتاتتى، مەن يېنىغا بېرىپ قولىدىن تۇتۇپ:

— بوۋام نېمىشقا ئۇنى باقمايدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

موموم مېنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلاپ شىۋىرلاپ:

— سۆزۈم ئېسىڭدە بولسۇن: تەڭرى بۇ ئادەم ئۈچۈن بىزنى قاتتىق جازالايدۇ، چوقۇم جازالايدۇ، — دېدى.

موموم دېگەندەكلا بولدى: ئون يىلدىن كېيىن — موموم مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، بوۋامنىڭ ئۆزى دىۋانە بولۇپ، ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردە تىلەمچىلىك قىلدى.

## 8

بوۋام تۇيۇقسىزلا ئۆينى قاۋاقخانا خوجايىنىغا سېتىپ،

باشقا بىر كوچىدىن بىر ئۆي سېتىۋالدى. يېڭى ئۆي بۇرۇنقىغا قارىغاندا يېقىملىقراق ئىدى. بېغى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بۈك ـ باراقسان دەرەخلىك بولۇپ، تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

ئۆينىڭ ھەممىسى ناتونۇش ئادەملەر بىلەن تولغانىدى: تاشقىرىقى ھويلىدا بىر ھەربىي ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى تۇراتتى؛ يەنە بىر ئۆيدە ئىككى ھارۋىكەش — پيوتر تاغام بىلەن كېكەش جىيەنى ستيوپا تۇراتتى؛ ئىچكىرىكى ھويلىدىكى بىر كىچىك ئۆيدە بىزنىڭكىدە پۇل تۆلەپ تاماق يەيدىغان «ياخشى ئىش» لەقەملىك بىر كىشى تۇراتتى.

بۇ «ياخشى ئىش» دېگەن ئادەم مېنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى. ئۇ ئورۇق، مۈكچەيگەن بولۇپ، ساخاۋەتلىك كۆزلىرىگە كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى. ئۇ ناھايىتى ئاز گەپ قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ھەر قېتىم ئۇنى تاماققا ياكى چايغا چاقىرغاندا، ئۇ ھامان: «ياخشى ئىش» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

مومام ئۇنى ئالدىدىمۇ، ئارقىدىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتاپ، «ياخشى ئىش» نى چايغا چاقىر، «ياخشى ئىش» نېمىشقا تاماقنى ئاز يەيسىز؟ دەيتتى.

ئۇ تۇرغان ئۆيدە ئاللىقانداق ساندۇق ۋە كىتابلار دۆۋىلىنىپ ياتاتتى، ھەممىلا يەردە ھەر خىل رەڭدىكى سۇ-

يۇقلۇق قاچىلانغان بوتۇلكىلار، قوغۇشۇن، مىس پارچە-لىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۇستىگە ھەر خىل رەڭلەر يۇقۇپ قالغان كىيىم كىيىپ، بۇ-رۇننى ئېچىشتۇرىدىغان پۇراق چىقىرىپ يۈرەتتى.

ئۇ ھامان ئۇ يەردە قوغۇشۇن ئېرىتىپ، بىرنېمە-لەرنى كەپشەرلەپ، كىچىككىنە تارازىدا جىڭلاپ، تىنماي ئىشلەيتتى.

مەن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ، دېرىزىدىن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ تۇراتتىم، مەن ئەگەر ئۇ باي بولۇپ، ياخشى كىيىنگەن بولسا، ئۇنىڭدىن قورققان بولاتتىم، دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ ناھايىتى كەمبەغەل ئىدى. كالتە چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن كۆڭلىكىنىڭ يۇرلىشىپ كەتكەن كىر ياقىسى چىقىپ تۇراتتى، ئىش-تىنى ياماق ـ ياماق بولۇپ، ياللىڭغىداق پۇتىغا ئەسكى ئاياغ كىيىپ يۈرەتتى. مېنىڭچە، كەمبەغەللەر قور-قۇنچلۇق، خەۋپلىك ئادەملەر ئەمەس ئىدى، مومامنىڭ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشى ۋە بوۋامنىڭ ئۇلارنى مەن-سىتمەسلىكى مېنى ئىختىيارسىز شۇ خۇلاسىگە كەل-تۈرگەنىدى.

«ياخشى ئىش» نى قورۇدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ياقتۇرمايتتى، ھەممىسى ئۇنى زاڭلىق قىلىپ پاراڭ قىلاتتى، ھەربىي كىشىنىڭ خوتۇنى ئۇنى «بور بۇرۇن»

دەپ چاقىراتتى، پيوتر تاغام ئۇنى «دورىگەر» ۋە «داخان» دەپ چاقىراتتى، بوۋام ئۇنى «سېھىرگەر»، «خەتەرلىك ئادەم» دەيتتى.

بىر كۈنى، مەن مومامدىن:

— ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— سېنىڭ نېمە كارىڭ، ئىشىڭ بولمىسۇن، ئاڭ-لىدىڭمۇ؟ — دەپ كايىدى مومام.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مەن ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ، ئۇنىڭ دېرىزىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ چۆچۈپ كەتتى، ماڭا بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— ئۆيگە كىر، — دېدى.

ئۇنىڭ مېنى ئىشىكتىن كىر دېمەي، دېرىزىدىن كىر دېيىشى مېنىڭدە ئۇ قالتىس ئادەمكەن دېگەن تۇي-غۇنى پەيدا قىلدى.

ئۇ پەس ئاۋازدا:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەر كۈنى ئاشخانىدا تۆت ۋاخ تاماقتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇۋاتسام، ئۇنىڭ بۇ سوئالى تولىمۇ غە-لىتە تۇيۇلدى. مەن ئۇنىڭغا:

— ئۆي ئىگىسىنىڭ نەۋرىسى بولىمەن، — دەپ جا-

ۋاب بەردىم.

— ھە، دوروس، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭ-غاچ — مىدىرلىماي جىم ئولتۇر...

مەن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىشىگە قاراپ تۇردۇم. ئۇ ئاۋۋال بىر پارچە مىسنى ئېگەكلەپ، چوشكەن مىس كېپەكلىرىنى يىغىپ بىر قاچىغا سالدى، ئۇنىڭغا تۇزغا ئوخشاش ئاپئاق بىرنېمىنى قوشتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قارا بوتۇلكىدىن نېمىدۇر بىرنەرسىنى قۇيدى، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قاچىدىن پىژىلداپ ئىس كۆتۈرۈلدى، ئاندىن ئاچچىق بىر پۇراق كەلدى.

مەن يۆتىلىپ كەتتىم.

— بۇ نېمىنىڭ پۇرىقى يامانمىكەن؟ — دەپ سورىدى «ياخشى ئىش».

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

— مانا شۇنداق، ئىنىم، بۇ ناھايىتى ياخشى نەرسە.

ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ئىسى چىقىپ تۇرغان قاچىغا قاراپ تۇرۇپ:

— سەن بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا كەلمە، ماقۇلمۇ؟ — دېدى.

بۇنىڭغا راسا ئاچچىقىم كەلدى. خاپا بولۇپ باغقا چىقىپ كەتتىم. باغدا بوۋام ئىشلەۋاتقان ئىكەن، مەن بوۋامدىن:

— «ياخشى ئىش» نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇ ئۆينى بۇزۇۋاتىدۇ، — دېدى بوۋام ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ، — تاختاينى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، تامنىڭ قەغەزلىرىنى يىرتىۋېتىپتۇ، ئۇنى كۆچۈرۈۋېتىمەن.

— شۇنداق قىلىش كېرەك، — دېدىم مەن.

بىراق، مەن ئالدىراپ كېتىپتىمەن.

كۈزنىڭ يامغۇرلۇق كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، بوۋام ئۆيدە يوق ئىدى، مومام قورۇدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چايغا تەكلىپ قىلىپ، ناھايىتى قىزىق ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇردى، «ياخشى ئىش» مۇ كەلدى، ئۇ بۇلۇڭدىكى مەشنىڭ يېنىدا ئۇنچىقماستىن تىنچ ئولتۇراتتى.

مومام باتۇر ئىۋان ۋە ئەۋلىيا مىرون توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ھېكايىنى ئېيتىۋاتاتتى.

مومام ھېكايىسىنى باشلاش بىلەنلا، «ياخشى ئىش» نىڭ نېمە ئۈچۈندۇر بىسەرەمجان بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدىم، ئۇ قوللىرىنى مىدىرلىتاتتى؛ كۆزەينىكىنى بىردەم ئېلىپ، بىردەم تاقايتتى؛ بىرەرسى قىمىرلاپ كەتسە، يۆتەلسە، ئۇ ئاستا «ياخشى ئىش» دەپ قوياتتى.

مومام ھېكايىسىنى تۈگىتىشى بىلەن، ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، قوللىرىنى سىلكىپ، غەلىتە پىرقىراپ:

— بۇ بەك ياخشى ھېكايە بولدى، بەك ياخشى. ئۇنى

يېزنۇيلىش كېرەك، جەزمەن يېزنۇيلىش كېرەك...، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇنىڭ كۆزلىرى لىق ياشقا تولغانىدى، ئۇ يالغۇز ناھايىتى كۆلكىلىك ھالدا ئاشخانىدا ئۇياق ـ بۇياققا سەكرەپ يۈردى، ھەممەيلەن نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. موماي ئالدىراپ سۆزلەپ:

— يازسىڭىز يېزنۇيرىڭ، مەندە بۇنداق ھېكايىلەر نۇرغۇن، — دېدى.

— ياق، مۇشۇنىڭ ئۆزى كېرەك! بۇ دەل رۇسنىڭ ئۆزىنىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى «ياخشى ئىش» خۇشاللىق بىلەن. ئاندىن ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇ ھاياجان بىلەن ئۇزاق سۆزلىدى، سۆزىدە «باشقىلارغا بۇرنۇڭدىن يېتىلەتكۈزمە» دېگەن سۆزنى پات ـ پات تەكرارلايتتى.

كېيىن نېمىشقىدۇر، ئۇ خۇددى گېلىغا بىرنېمە تۇرۇپ قالغاندەك بىردىنلا توختاپ، ئەپۇ سورىغاندەك ھەممەيلەنگە قاراپ قويۇپ، بېشىنى سالغان پېتى ئاستا چىقىپ كەتتى.

«ياخشى ئىش» مېنى ھەيران قالدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى، ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى ئېنىق ئېسىمدە تۇراتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ قايتىپ كەلمىدى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

— ئاخشام ۋاڭ - چۇڭ قىلغان بولسام كېرەك، — دېدى ئۇ مومامدىن ئەپۇ سورىغاندەك قىلىپ، — خاپا بولمىغانسىز؟

— نېمىگە خاپا بولاتتىم؟

— لوقما سالغانلىقىمغا، سۆزۈمگە خاپا بولغانسىز؟

— ھېچكىم سىزدىن خاپا بولغىنى يوق.

ئۇ مومامنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ، ناھايىتى ساددىلىق بىلەن:

— مەن يالغۇز، ھېچكىم يوق، يالغۇزلۇق قورقۇنچلۇق ئىكەن! ئۇنچىقماي ئىچىڭگە سىلىپ يۈرۈۋېرىسەن، يۈرۈۋېرىسەن.... بىراق كېيىن بىردىنلا يۈرىكىڭ قايناپ تاشىدۇ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالمايسەن؛ تاشقىمۇ، دەرەخكىمۇ دەردىڭنى تۆكۈپ بەرگۈڭ كېلىدۇ....، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ئۆيلىنىۋېلىڭ، — دېدى موما.

— ئاھ! — دەپ ئېچىنغان ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، قولىنى سىلكىپ چىقىپ كەتتى ئۇ.

موما قاشلىرىنى ئېتىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، ئاندىن ماڭدى:

— پەخەس بول، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرمە.... — دېدى.

بىراق ئۇ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى.

ئۇ «يالغۇزلۇق قورقۇنچلۇق ئىكەن» دېگەندە، ئۇنىڭ يۈزلىرىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، بۇ سۆزدە مېنىڭ يۈرىكىمگە تېگىدىغان بىرنەرسە باردەك قىلاتتى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتىم.

هويلىدىن ئاستا ئۇنىڭ ئۆيىگە قارىدىم، ئۆيدە هېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر قالايمىقان، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنىدەك غەلىتە كۆرۈنەتتى. مەن باغقا چىقىپ، ئۇ يەردە ئۇنى كۆردۈم، ئۇ بىر ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— مېنى ئىزدەۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ياق.

— بولمىسا، نېمىگە كەلدىڭ؟

— هېچنېمىگە.

ئۇ كۆزەينىكىنى ئېلىپ، سۈرتۈپ قويۇپ:

— بۇياققا كەل، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم، ئۇ مۈرەمدىن مەهكەم قۇچاقلاپ:

— ئولتۇرغىن، ئۇنچىقماستىن تىنچ ئولتۇرايلى، ماقۇلمۇ؟... گېپىڭدە چىڭ تۇرالامسەن؟ — دېدى.

— هەئە.

— ياخشى ئىش.

خېلى ئۇزاق جىمجىت ئولتۇردۇق. كۆزىنىڭ ئاخشى-
مى يېقىملىق ھەم جىمجىت ئىدى، ئەتراپتىكى دەل -
دەرەخلەر سارغىيىۋاتاتتى، يەر ئۈزىدىكى زەي پۇرىقىنى
تارقاتماقتا ئىدى، توقۇناق قاغىلار قاق - قاق قىلىپ
ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ، كىشىنىڭ قايغۇلۇق خىيال-
لىرىنى قوزغاپ تۇراتتى.

گۇگۇم چۈشۈپ، ئەتراپتىكى بارلىق نەرسىلەرنى
ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ بېسىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇ ماڭا:
— بولدى، ئەمدى كېتەيلى، — دېدى.

ئۇ باغنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ توختاپ:
— موماڭ ياخشى كىشى. ئوھوي، نېمىدېگەن ئاجا-
يىپ زېمىن - ھە بۇ؟ — دېدى.

شۇ كۈندىن تارتىپ ئىككىمىز دوست بولۇپ قال-
دۇق. مەن خالىغان ۋاقىتتا «ياخشى ئىش» نىڭ ئۆيىگە
بېرىۋېرىدىغان بولدۇم. مەن ئۇنىڭ قوغۇشۇن ئېرىتى-
شىگە، مىس قىزدۇرۇشىغا قاراپ ئولتۇراتتىم، ئۇ تۆمۈر
پارچىلىرىنى قىزدۇراتتى ياكى قاچىغا تۇرلۇك سۇيۇق-
لۇقلارنى قۇياتتى، ياكى بولمىسا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ،
قېلىن كىتابلارنى ۋاراقلاپ قارايتتى.

— سەن زادى نېمە قىلىۋاتىسەن؟
— بىرنەرسە قىلىۋاتىمەن، ئىنىم.
— قانداق نەرسە؟

— قانداق دەي؟ دېسەممۇ چۈشەنمەيسەن....

— بوۋام سېنى يالغان پۇل ياسايدىغان ئوغشايدۇ، دەيدۇ.

— ھىم ... ئۇ بىكار دەيدۇ! پۇل دېگەن نېمىتى؟!

— ئۇنداق بولسا، بولكىنى نېمىگە ئالىدۇ؟

— توغرا، ئۇكام، بولكىغا پۇل كېرەك.

— توغرا دېگەندىمەن، گۆشكىمۇ...

— توغرا دەيسەن، گۆشكىمۇ پۇل كېرەك.... بىز پاراڭ قىلىشمايلى، مەن ئىشىمنى قىلاي.

مەندە «ياخشى ئىش» قا قارىتا تېزلا چوڭقۇر ھېسسىيات پەيدا بولۇپ قالدى. خاپا بولغان كۈنلەردە بولسۇن، خۇشال ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئۇ مەن ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان كىشى بولۇپ قالدى، ئۆيۈمگە كەلگەن ھەرقانداق گەپنى قىلسامۇ ئۈنچىقمايتتى، توسمايتتى.

«ياخشى ئىش» مېنىڭ ۋالاقلاشلىرىمنى ھەر دائىم دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. بەزىدە سۆزۈمنى ئۈزۈپ:

— ئىنىم توغرا بولمىدى، بۇنى ئۆزۈڭ توقۇپ چىقتىڭ، — دەپ قويۇاتتى.

مەن ئۇنىڭ بۇنداق قابىلىيىتىنى ئەتەي سىناپ كۆردۈم، ئۆزۈمچە بىرنېمىلەرنى ئويلاپ چىقىرىپ، خۇددى راستتەك قىلىپ سۆزلەپ بەردىم، ئۇ بىرئاز ئاڭلاپ:

— يەنە يالغان ئېيتىۋاتىسەن، ئۇكام، — دەيتتى.

— سەن نەدىن بىلدىڭ؟

— مەن بايقىيالايمەن.

بىر قېتىم، مومام مېنى يېتىلەپ سۇ ئەكەلگىلى بارغاندا، شەھەرلىك بەش كىشىنىڭ بىر دېھقاننى ھە دەپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق. مومام ئەپكەشنى يۆلەڭگىلىتىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ھېلىقى شەھەرلىكلەرنى قاچۇرۇۋەتتى، ھېلىقى دېھقاننىڭ ئۈستۈېشى قان ئىدى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا، يۈگۈرگەن پېتى «ياخشى ئىش» نىڭ يېنىغا كىرىپ، بۇ ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم. مەن تازا سۆزلەۋاتسام، ئۇ بىردىنلا مېنى قۇچاقلاپ:

— بولدى، باشقا گەپنىڭ كېرىكى يوق، تېگىشلىك گەپنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بولدۇڭ، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتكەنلىكىدىن رەنجىدىم، لې-كىن ئويلاپ كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران بولدۇم، ئۇ دەل ۋاقتىدا سۆزۈمنى بۆلۈۋەتكەنىدى، ھەقىقەتەنمۇ مەن گەپ-نىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بولغانىدىم.

بەزىدە ئۇ مۇنداقلا بىر سۆزلەرنى قىلىپ قالاتتىكى، ئۇ ئۆمۈرۋايەت يادىمدىن چىقمايتتى. مەن ئۇنىڭغا بالد-لارنىڭ ئىچىدە ئېگىز، سېمىز بىر دۈشمىنىمنىڭ بار-لىقىنى، ئۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپتىكى مۇشتلاشچىلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچ تەڭ كېلەلمەيۋاتقانلىقىمنى دېدىم.

«ياخشى ئىش» ئاڭلاپ بولۇپ:

— بۇنداق كۈچ كۈچ ئەمەس، ھەقىقىي كۈچ تېز ھەرىكەت قىلىشتا، قانچە تېز بولسا شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ! چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى.

كېيىنكى قېتىم ئۇ دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، مۇشت ئېتىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ بېقىپ، راستىلا ئۇنى ئاسانلا يېڭىۋالدىم.

بوۋام مېنىڭ «ياخشى ئىش» نىڭ ئۆيىگە پات ـ پات كىرىدىغانلىقىمنى بىلىپ قاپتۇ، مەن ھەر قېتىم بار-غاندا، ئۇ مېنى قاتتىق دۈمبالايتتى، موماممۇ بارغىلى قويمايتتى. ئۇلار ماڭا:

— پەخەس بول، ئۇ ساڭا نەدىكى بىرنېمىلەرنى ئۆ-گىتىپ قويمىسۇن... — دەپ ئاگاھلاندۇراتتى.

مەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قانداق قارايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەتتىم:

— مومام سېنىڭدىن قورقىدۇ، ئۇ سېنى «جادۇگەر» دەيدۇ؛ بوۋام سېنى خۇدانىڭ دۈشمىنى، كىشىلەر ئۈچۈن خەتەرلىك ئادەم دەيدۇ....

— ئۆزۈممۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇكام! — دەيتتى ئۇ ئاستاغىنا. كېيىن ئۇ ئاخىر قوغلىۋېتىلدى.

بىر كۈنى، مەن ئۇنىڭكىگە كىرسەم، ئۇ ساندۇقىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

— ئۇكام، خەير - خوش، مەن كېتىدىغان بولـ
دۇم، — دېدى.

— نېمىشقا؟

— سەن راستلا بىلمەمسەن؟ — دەپ ماڭا تىكىلىپ
قارىدى ئۇ، — بۇ ئۇيدە ئاناڭ تۇرىدىغان بوپتۇ.

— كىم دەيدۇ؟

— بوۋاڭ.

— ئۇ يالغان ئېيتىدۇ!

«ياخشى ئىش» قولۇمنى تۇتۇپ، ئۆزگە يېقىن تار-
تىپ:

— خاپا بولما، مەن تېخى سېنى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا
ئېيتماپتۇ دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى ۋە يەنە پىچىر-
لاپ، — مېنىڭ يېنىمغا كەلمە دېگىنىم ئېسىڭدە باردۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— سەن شۇ چاغدا مەندىن رەنجىگەن ئىدىڭ، شۇنـ
داقمۇ؟

— شۇنداق، مەن ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلدىم.

— ئۇكام، مەن سېنى رەنجىتمەكچى ئەمەس ئىدىم،
ئىككىمىز دوست بولۇپ قالساق، ئۇيدىكىلەرنىڭ
سېنى جەزمەن تىللايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇنداق
بولدىغۇ. مېنىڭ شۇنداق دېيىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى
چۈشەنگەنسەن؟

ئۇ مېنىڭ بىلەن خۇددى بىر دېمەتلىكلەردەك سۆزلىشەتتى، بۇنىڭدىن مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، مەن ھەتتا ئۇنى بۇرۇنلا چۈشەنگەندەك قىلغانىدىم دەپ ئويلىدىم.

ئۇ كەتمەكچى بولغانىدى، مەن ئىچىمدە ئازابلىنىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، ئۇنىڭ يېڭىنى تۇتۇپ تۇراتتىم.

— خاپا بولما، — دېدى ئۇ ۋە يەنە قولىقىمغا شىۋىرلىدى، — يىغلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

لېكىن بۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئۆزىنىڭ كۆز يېشى تاراملاپ ئاقتى.

كەچقۇرۇن ئۇ يولغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ كېتىشى بىلەنلا مومام ئۆينى تازىلىغىلى تۇردى.

— سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇنى قوغلىۋەتتىڭلار؟ — دەپ سورىدىم مومامدىن.

— سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن!

— سىلەر ھەممىڭلار ئەبلەخ!

— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ ـ نېمە؟ — دېدى مومام خاپا بولغان ھالدا.

— سېنى دېمىدىم، سەندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەبلەخ!

بوۋام كەچلىك تاماق ئۈستىدە:

— خۇداغا شۈكرى! ئۇنى كۆرسەم، خۇددى يۈرىكىمگە پىچاق قادالغاندەك بولاتتى، ئۇنى بۇرۇنلا قوغلىۋېتىش كېرەك ئىدى، — دېدى.

مەن ئاچچىقىمدا قوشۇقنى سۇندۇرۇۋەتتىم، شۇنىڭ بىلەن يەنە تاياق يېدىم.

ۋەتىنىمنىڭ سانسىزلىغان مۇنەۋۋەر كىشىلىرىنىڭ بىرى بىلەن بولغان دوستلۇقۇم شۇنىڭ بىلەن ئاخىر-لاشتى.

## 9

كىچىك چاغلىرىمدا، مەن ئۆزۈمنى ھەرىنىڭ ئۇۋۇ-سىغا ئوخشىتاتتىم، تۈرلۈك ئادەملەر خۇددى ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشاش ھەسەللەرنى — ئۆزلىرىنىڭ تۇر-مۇشتىن ئېرىشكەن بىلىملىرى ۋە چۈشەنچىلىرى-نى — ئەنە شۇ ئۇۋىغا توشۇپ، مېنىڭ قەلبىمنى بېيى-تاتتى.

«ياخشى ئىش» كەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر ئىجارە ئولتۇرغۇچى ئادەم — پيوتر تاغام بىلەن دوست بولۇپ قالدىم. ئۇ بوۋامغا ئوخشاش ئورۇق، پاكىز ئىدى، پەقەتلا بويى بوۋامدىن پاكارراق ئىدى. ئۇ سۆز قىلغاندا قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى

يېقىملىق ئاڭلىناتتى، لېكىن هامان باشقىلارنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

بىر كۈنى مەن پيوتر تاغامدىن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— مەن ئىلگىرى گراف خانىمنىڭ ئۆيىدە ئىشلى-گەن، دەسلەپ تۆمۈرچىلىك قىلدىم؛ كېيىن ئۇ ماڭا باغۋەنگە ياردەملىشىشىمگە بۇيرۇق قىلدى، شۇنىڭ بى-لەن باغۋەنچىلىك قىلدىم. بىر مەزگىل ئۆتۈپ، ئۇ يەنە مېنى بېلىق تۇتۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن بېلىق تۇتۇشنى ئەمدىلا ئۆگەنگەندىم، ئۇ يەنە مېنى هارۋا هەيدەشكە سالدى، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەپ هارۋىكەشلىك قىلدىم، كېيىن گراف خانىم مېنى باشقا ئىشقا يۆتكەشكە ئۈل-گۈرەلمىدى، يانچىلار ئازاد بولدى (روسىيىدە 1861 ـ يىلى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى جاكارلاندى)، مەنمۇ ئەركىنلىككە چىقتىم. بىراق مەندە بىرلا ئاتتىن باشقا هېچ نەرسە يوق ئىدى....

ئۇ قېرى ئات بولۇپ، ئۇنىڭ پۇتى چىقىپ كەتكەن، كۆزلىرى ئارانلا كۆرەتتى، قاق سۆڭەك بولۇپ كەتكەن، بېشى ساڭگىلاپ، تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن تاقىر تې-رىسىدىن ئۇستىخانلىرى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق بول-سىمۇ پيوتر تاغا ئاتقا ناهايىتى ئوبدان قارايتتى، ئۇنى ئۇرمايتتى.

پيوتر تاغىمۇ ساۋاتلىق ئىدى. «ئىنجىل» نى پىشـ-شىق بىلەتتى. بوۋام بىلەن ئىككىسى ئەۋلىيالارنىڭ قايسىسى ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ياكى قەدىمكى زاماندىكىلەر ئىچىدە قايسىسىنىڭ گۇناھى ھەممىدىن چوڭلۇقى توغرىسىدا دائىم سۆز تالىشىپ قالاتتى.

بىزنىڭ كوچىدا بىر بەگزادە تۇراتتى، ئۇنىڭ ناھا-يىتى يامان بىر كېسىلى بار ئىدى: دەم ئېلىش كۈنلىـ-رى، ئۇ دېرىزىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئۈششاق جانىۋارلارنى، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئادەملەرنى ئاتاتتى. بىر قېتىم ئۇ «ياخشى ئىش» نىڭ يانپىشىغا چەنلەپ ئېتىپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى ئوق ئۇنىڭ تېرە چاـ-پىنىدىن ئۆتمەي قېلىپ يارىلانماپتۇ.

پيوتر تاغا ئۆيدىلا بولسا، كوچىدا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان دەرۋازىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ھېلىقى مەرگەننىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۇيان ـ بۇيان لاغايلاپ ئۆتەتتى. بەزىدە، پيوتر تاغا خېلى ئۇزاق ماڭسىمۇ ھېچ سادا چىقمايتتى، مەرگەن ئۇنى ئېتىشقا ئەرزىمەيدىغان نەرسە دەپ قارىسا كېرەك. لېكىن بەزىدە قوش ئاتار مىلتىقتىن: «تاراس ـ تۇرۇس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

پيوتر تاغىمۇ ھودۇقماي قايتىپ كېلەتتى، ئۇ ئالدى-مىزدا تۇرۇپ مەمنۇن بولغان ھالدا: «چاپىنىمغا تېگىپتۇ»

دەپ قوياتتى.

بىر قېتىم، ئوۋ مىلتىقىدىن چىققان چاچما ئوق ئۇنىڭ مۇرىسىگە ۋە بويىنىغا تېگىپتۇ. موماي چاچما ئوقنى يىڭنە بىلەن كولاپ ئېلىۋېتىپ، پيوتر تاغىنى جىملەپ:

— نېمە ئۈچۈن ئۇ ۋەھشىيگە گەپ قىلمايسەن؟ ئۇ كۆزۈڭنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق قىلالمايدۇ، — دېدى پيوتر تاغا بىپەرۋا-لىق بىلەن، — ئۇنىڭ قولىدىن مەرگەنلىك كەلمەيدۇ....

— سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرىد-سەن؟

— مەن ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەرگىنىم يوق، بۇ بەگزادىنى ئەتەي تېرىكتۈرۈۋاتىمەن.

پيوتر تاغا كولاپ چىقىرىلغان چاچما ئوقلارغا قاراپ قويۇپ:

— شۇمۇ مەرگەن بولدىمۇ؟ ئىلگىرى گراف خا-نىمنىڭ ۋاقىتلىق بىر ئېرى بار ئىدى، ئۇ قالتىس مەرگەن ئىدى، بىر قېتىم ئۇ بىر ئەخمەقنىڭ بېلىگە بوتۇلكا ئېسىپ، ئۇنى قىرىق قەدەم يىراقلىقتا تۇرغۇزۇپ قويىدى، دەل ئۇنىڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ، ھېلىقى ئەخ-مەقنى بىرەر قۇرت چاققانمۇ، سەل مىدىرلاپ كېتىۋىدى، ئوق ئۇنىڭ پۇتىنى تېشىۋەتتى، دوختۇر كېلىپ، شۇ

زامات ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىۋەتتى، — دېدى.

مەن بۇنى ئاڭلاپ، سەل چۆچۈدۈم، شۇنىڭ بىلەن پيوتىر تاغىدىن:

— ھېلىقى بەگزادە ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرەلەمدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— نېمىشقا ئۆلتۈرەلمىسۇن؟ ئۆلتۈرەلەيدۇ. بىر قېتىم، گراف خانىمنىڭ ئۆيىگە بىر بەگزادە كەلدى، ئۇ ھېلىقى ۋاقىتلىق ئەر بىلەن جېدەللىشىپ قالدى، ئۇلار شۇ زامات قولىغا تاپانچا ئېلىپ دۇئېلغا چىقتى، بەگزادە «تاڭ» قىلىپ بىر پاي ئوق بىلەن ۋاقىتلىق ئەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، نەتىجىدە، بۇ ۋاقىتلىق ئەرنى كۆمۈۋېتىپ بولدى قىلدى. بۇ كاتتىلار بىر-بىرىنى مۇشۇنداق قىلىۋاتقان يەردە، بىرەر دېھقاننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۇلار ئۈچۈن نېمىتى؟!

بايرام كۈنلىرى تاغىلىرىمنىڭ باللىرى — مىخائىل تاغامنىڭ ئوغلى ساشا بىلەن ياكوف تاغامنىڭ ئوغلى ساشا بىزنىڭكىگە مېھمان بولۇپ كېلەتتى، بىز ئۈچىمىز ئۆگزىدە يۈگۈرۈشۈپ ئويناپ يۈرەتتۇق، بىر-كەمدىن كېيىن يېنىمىزدىكى قورۇدا بىر بەگزادىنىڭ كۈچۈكلەر بىلەن ئويناۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدۇق. تاغىلىرىمنىڭ باللىرىدىن بىرى كۈچۈكتىن بىرنى ئوغرىلاشنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىمىز بىر پىلان

تۈزدۈق. پىلان مۇنداق بولدى: تاغىلىرىمنىڭ باللىرى ئۇ ھويلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى، مەن ھېلىقى بەگزادىنى قورقۇتماقچى بولدۇم، ئۇ قورقۇپ قاچقاندا، تاغىلىرىمنىڭ باللىرى ھويلىغا كىرىپ كۈچۈكنى ئېلىپ قاچماقچى بولدى.

بىراق بەگزادىنى قانداق قورقۇتۇش كېرەك؟

— ئۇنىڭ بېشىغا تۈكۈرگىن، — دېدى تاغىلىرىمنىڭ باللىرىدىن بىرى. مەنمۇ بۇ گەپكە قوشۇلدۇم.

كىم بىلسۇن، مېنىڭ تۈكۈرۈشۈم بىلەن تەڭلا ۋالڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بىزنىڭ قورۇغا بىر ئوفىتسېر باشچىلىقىدا بىر توپ ئەر ـ خوتۇن كېلىشكەندى، بۇنى كۆرۈپ بوۋام دەرھال ئەھۋالنى ئېنىقلاشقا كىرىشتى، تاغىلىرىمنىڭ باللىرى كوچىدا غېمىدە يوق ئويناپ يۈرەتتى، دېمەك، گۇناھكار تەبىئىي ھالدا مەن بولۇپ چىقتىم ـ دە، بوۋام مېنى قاتتىق دۇمبالىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورۇدىكىلەر ئاندىن بۇ ئىشنى بولدى قىلىشتى.

تاياقنىڭ دەستىدىن كارىۋاتتا ياتسام، پيوتر تاغام قېشىمغا كەلدى.

— قالتىس ئويلاپسەن! — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئاشۇنداق بېرىش كېرەك، يۈزىگە تۈكۈرۈش كېرەك، بولسا تېخى بېشىغا تاش بىلەن سىلىش

كىرەك.

مەن ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدىم، قارىغانسېرى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بوۋامنىڭ مېنى ئۇرغان چاغدىكى ھالىتىگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— كەت! — دەپ ۋارقىرىدىم ۋە ئۇنى ئىتتىرىدىم، ئۇ پىخىلداپ كۆلگەن پېتى كېتىپ قالدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ پيوتر تاغىنى ياقتۇرمايدىغان، ھامان ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يۈرىدىغان، ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدىم.

ئاردىن كۆپ ئۆتمەي يەنە بىر ۋەقە يۈز بەردى:

بوۋامنىڭكىگە ئارتام قورۇدا بىر پولكوۋنىكنىڭ ئائىلىسى تۇراتتى. پولكوۋنىك ئېگىز بويلۇق، سەل ئاسقاقلاپ ماڭىدىغان، تاقىر باش، ئاپئاق بۇرۇتلىرى يىڭنىدەك تىك تۇرىدىغان بىر بوۋاي ئىدى.

ئۇنىڭ ھويلىسىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۈچ بالا ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئوينايتتى، ئۇلارنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرى ۋە باش كىيىملىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى، چىرايىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى، مەن ئۇلارنى بىر - بىرىدىن بويىغا قاراپلا پەرق قىلاتتىم.

مەن ئۇلارغا تامنىڭ يوچۇقىدىن قارايتتىم، ئۇلار مېنى كۆرمەيتتى، مەن ئۇلارنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىشىنى

ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرى، ئوينايدىغان ئويۇنلىرى، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان دوستلۇقى ۋە مېھرىبانلىقى ماڭا ياقاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشمايتتى، بىر ـ بىرىنىمۇ ئالداشمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇچىلىسى چاققان، جانلىق ۋە ھېرىپ ـ چارچاشنى بىلمەيدىغان باللار ئىدى.

بىر قېتىم، مەن دەرەخكە چىقىۋېلىپ ئۇلارغا ئىسقىرتتىم. ئۇلار مېنىڭ ئىسقىرتقىنىمنى ئاڭلاپلا ئورنىدا تۇرۇپ قېلىشتى، ئاندىن بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىپ، ماڭا قاراپ تۇرۇپ، بىرنېمە دەپ كۇسۇلدىشىپ مەسلىھەت قىلىشتى. مەن ئۇلار ماڭا قانداق تاش ئېتىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، دەرھال دەرەختىن چۈشۈپ، يانچۇقلىرىمغا تاش توشقۇزۇپ، يەنە دەرەخكە چىقتىم، قارىسام، ئۇلار ھويلىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئويناۋېتىپتۇ، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى، مەن بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەندىم. لېكىن جېدەلنى ئۆزۈم باشلاشنى خالىمىدىم. بۇ چاغدا بىرى: «باللار، ئۆيگە كىرىڭلار!» دەپ چاقىردى. ئۇلار ئاستا ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

بىرنەچچە قېتىم، ئۇلارنىڭ مېنى ئۆزلىرى بىلەن ئويناشقا چاقىرىشىنى كۈتۈپ، دەرەخكە چىقىپ ئولتۇردۇم. لېكىن ئۇلار مېنى چاقىرىپمۇ قويمايتتى. ئۇلارنىڭ

ئويناۋاتقىنىغا قاراپ، ئۆزۈمچە ئۇلار بىللە ئوينا-ۋاتقاندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز ۋارقىراپ، قاقاقلاپ كۈ-لۈپ كېتەتتىم، ئۇلار ئۇچىلىسى ماڭا تەڭلا قاراپ قو-يۇپ، پىچىرلىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى، مەن ئىزا تارتىپ دەرەختىن چۈشۈپ كېتەتتىم.

بىر كۈنى ئۇلار مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئويناشقا باشلىدى، ئىزدەش نۆۋىتى ئوتتۇرانچىسىغا كەلدى، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇردى، ئاكىسى چاققانلىق بىلەن چانىنىڭ ئى-چىگە چۈشۈۋالدى، ئىنىسى نەگە مۆكۈشنى بىلەلمەي، قۇدۇق ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى.

— بىر، — دېدى ئاكىسى، — ئىككى...

ئىنىسى ئالدىراپ قېلىپ، قۇدۇقنىڭ ياغىچىغا چىقىپ ئارغامچىنى تۇتۇپ، پۇتلىرىنى ئاستاغىنە ياغاچ چېلەككە سالدى - دە، بىردەمدىلا «تاقۇر - تۇقۇر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چېلەك كۆزدىن غايىب بولدى.

مەن دەرەختە ئولتۇرۇپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدىم، لېكىن دەرھال نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈ-شەندىم - دە، بىرلا تاقلاپ ئۇلارنىڭ قورۇسىغا چۈشۈپ:

— قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى! — دەپ ۋارقىرىدىم.

ئوتتۇرانچىسى مەن بىلەن تەڭلا قۇدۇق بېشىغا كەلدى، بىز ئارغامچىنى تۇتۇپ، كۈچىمىزنىڭ بارىچە يۇقىرىغا تارتتۇق، بۇ چاغدا چوڭىمۇ يېتىپ كەلدى، بىز

ئاخىر كىچىكىنى قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىۋالدۇق.

ئۇ ناھايىتى قورقۇپ كەتكەن بولۇپ، قولىدىن قان چىقىپ تۇراتتى، يۈزلىرىگىمۇ قارا- قۇرىلار يۇقۇپ كەتكەن، بېلىنىڭ تۆۋىنى چىلىق- چىلىق سۇ ئىدى، ئۇ تىترەپ تۇرۇپ:

— مە... ن قاذ ... داق چۇ... شۇپ كەت ... تىتىم؟ — دەپ دۇدۇقلىدى.

— سەن ساراڭ بوپسەن، — دېدى ئوتتۇرانچىسى ئۇنى قۇچاقلاپ، قولياغلىقى بىلەن يۈزىدىكى قانلارنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

چوڭى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

—قايتايلى، بەربىر بۇ ئىشنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى.

—سىلەرنى ئۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن قولىنى ماڭ سۇنۇپ:

—سەن ناھايىتى تېز يېتىپ كەلدىڭ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ ماختىشىدىن خۇشال بولۇپ كەتتىم، بىراق ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىشقىمۇ ئۇلگۈرمەي تۇرۇپ، ئۇ ئوتتۇرانچىسىغا:

— ماڭايلى، ئۇنىڭغا سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن،

ئۇنى يىقىلىپ چۈشتى دەپ قويايلى، قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى دېمەيلى، — دېدى.

ئۇلار كەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ھەپتىگىچە ھويلىدا كۆرۈنمىدى، كېيىن ئۇلار ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىپ ئويناپدىغان بولۇپ كېتىشتى، چوڭى مېنىڭ دەرەخ ئۈستىدە تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— پەسكە چۈشكىن، بىز بىللە ئوينايلى، — دەپ چاقىردى.

بىز بىللە ئولتۇرۇپ ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

— سىلەر تاياق يېدىڭلارمۇ — دەپ سورىدىم مەن.

— يېدۇق.

بۇنداق بالىلارنىمۇ مېنى ئۇرغاندەك ئۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش تولىمۇ تەس ئىدى.

— سەن نېمىشقا قۇشلارنى تۇتىسەن؟ — دەپ سورىدى كىچىكى مەندىن.

— ئۇلار بەك چىرايلىق سايرايدۇ.

— سەن ئەمدى ئۇلارنى تۇتما، ئۇلار ئەركىن ئۇچۇپ يۈرسۇن.

— ماقۇل، ئەمدى تۇتمايمەن.

— لېكىن، ئاۋۋال ماڭا بىرنى تۇتۇپ بەرسەڭ بولاتتى.

— دادام ياقتۇرمايدۇ، — دەپ گەپ قىستۇردى چوڭى.

— سىلەرنىڭ ئاناڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— يوق، — دېدى چوڭى.

— بار، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، — دېدى ئوتتۇرانچىسى ئۇنىڭغا ئۇلاپلا.

— ئۆزىڭنىڭ بولمىسا، ئۇنى ئۆگەي ئانا دەيدۇ، — دېدىم مەن. باللار بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇچىلىسى گەپ قىلماي، مەيۈسلىنىپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۆگەي ئانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى موماملىڭ ھېكايىلىرىدىن بىلگەنىدىم. مەن ئاكا ـ ئۇكا ئۇچەيلەنگە تەسەللى بېرىپ:

— تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، ئۆز ئاناڭلار يەنە قايتىپ كېلىدۇ، — دېدىم.

— ئۆلگەندىن كېيىن قايتىپ كېلەلەمەس؟ — دېدى چوڭى ئىشەنمىگەندەك قىلىپ.

— قايتىپ كېلەلەمدۇ؟ موماملىڭ ھېكايىلىرىدە ھەتتا پارچە ـ پارچە قىلىپ توغرىۋېتىلگەن ئۆلۈكلەرمۇ ئابىھايات سۈيىنى پۈركۈش بىلەن تىرىلىپ كەتكەن تۇرسا.

مەن موماملىڭ سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەرنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردىم، ئۇلار جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى.



كەچ كىرىپ قالدى، بۇ چاغدا تۇيۇقسىز بىر ئاق بۇرۇتلۇق بوۋاي ئالدىمىزدا پەيدا بولدى.

— ئۇ كىم بولىدۇ؟ — سورىدى بوۋاي مېنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— ئۇ ئاۋۇ ئۆيدىن، — دېدى بالىلارنىڭ چوڭى بو-ۋامنىڭ ئۆيىنى ئىشارەت قىلىپ.

— ئۇنى كىم چاقىردى؟

بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى گەپ قىلماي بىردەم جىم تۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كېتىشتى.

ئاق بۇرۇتلۇق بوۋاي مۇرەمدىن مەھكەم تۇتۇپ، مېنى دەرۋازا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، مەن قورقۇپ يىغلىۋېتەي دەپ قالدىم، مەن يىغلىغىچە ئۇ مېنى كوچىغا چىقىرىپ بولدى.

ئۇ مېنى بارمىقى بىلەن نوقۇپ:

— ئىككىنچى مېنىڭ ئۆيۈمگە ئاياغ باسقۇچى بول-ما! — دېدى.

مېنىڭ غۇزژىدە ئاچچىقىم كېلىپ:

— مەن سېنى ئىزدەپ كەلگىنىم يوق، قېرى ئوغ-رى! — دېدىم.

ئۇ شۇ زامات مېنى يەنە تۇتۇۋېلىپ:

— بوۋاڭ ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مېنىڭ كاز تەلىيىمگە بوۋام ئۆيدىكەن، ئۇ بۇ تەرسا

بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئالدىراشلىق بىلەن:

— ئۇنىڭ ئانىسى ئۆيدە ئەمەس، مەن ئۆز ئىشىم بىلەن ئاۋارىمەن، ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەم يوق، ئەپۇ قىلىڭ، پولكوۋنىك، — دېدى.

پولكوۋنىك كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي مەن تاياق يېگەندىن كېيىن پيوتر تاغامنىڭ هويلىدىكى هارۋىسىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىلدىم.

يەنە ئىش تېرىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى پيوتر تاغام نېمە ئۈچۈن تاياق يېدىڭ؟

بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم، ئۇ تېرىكىپ غەزەپلەنگەن هالدا:

— سەن نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئوينايسەن؟ ئۇلار دېگەن بەگزادە، بەگزادىلەر — چايان! سەن شۇلارنى دەپ تاياق يېدىڭ. سەنمۇ ئۇلارنىڭ تازا ئوبدان ئەدىپىنى بەر. نېمە قورقاتتىڭ؟! — دېدى.

يېگەن تايىقىمنىڭ ئەلىمىدىن، دەسلەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل دەپ ئاڭلىدىم، كېيىن ئويلىغانسېرى توغرا كۆرمەي قالدىم، ھەقىچان ئۇ باللارمۇ تاياق يەيدۇ، ئۇلار ماڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان تۇرسا، دەپ ئويلىدىم.

— ئۇلارنى نېمىشقا ئۇرغىدەكمەن؟ ئۇلار ياخشى باللار، سەن توغرا دېمىدىڭ، — دېدىم.

پيوتر تاغا ماڭا قاراپ كېتىپ، بىردىنلا ۋارقىراپ:

— ھارۋامدىن يوقال! — دېدى.

— سەن ئەخمەق! — دېدىم مەن ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈۋېتىپ.

ئۇ ھويلىدا مېنى قوغلاپ يۈرۈپ:

— مەن ئەخمەق، مەن يالغانچى ئىكەنمەندە، مەن ساڭا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمسام! — دەپ ۋار-قىرىدى.

ئۇ ماڭا يېتىشەلمەيتتى، دەل شۇ چاغدا موما ھويلىغا چىقتى، مەن ئۆزۈمنى مومامنىڭ قوينىغا ئات-تىم، ئۇ مومامغا چېقىشتۇرۇپ:

— بۇ بالا ماڭا زادىلا ئارام بەرمىدى! مەن شۇنچە ياشىنىپ قالغان تۇرسام، مېنى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللىدى...، — دېدى.

مەن پيوتر تاغامنىڭ قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىد-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم ۋە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم.

موما دەل جايىغا تەگكۈزۈپ:

— پيوتر، قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىۋاتىسەن، بۇ بالا ھەرگىز ئادەم تىللاشنى بىلمەيدۇ، — دېدى.

ھېلىمۇ ياخشى موما ماڭا ئىشىنەتتى، ئەگەر بوۋام بولغان بولسا، بۇ ھارۋىكەشنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ،

مېنى ئۇرغان بولاتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككىمىز گەپلەشمەيدىغان بولدۇق، ئۇ گويا بايقىماي قالغاندەك قىلىپ، مېنى قەستەن سوقۇۋېتەتتى، قۇشلىرىمنى مۇشۇككە يېگۈزۈۋېتەتتى، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى تېرىپ، مېنى بوۋامغا چاقاتتى، مەن بارغانسېرى ئۇنى كىچىك بالىغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن بولسام تۈيدۈرماستىن ئۇنىڭ ئايىغىنى يىرتىۋېتەتتىم. بىر قېتىم شەپكىسىنىڭ ئىچىگە لازا سېپىپ قويۇپ، توختىماي چۈشكۈرگۈزدۈم. ئۇ بايرام كۈنلىرى ماڭا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرەتتى، مېنىڭ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىمنى بايقاپ قالسىلا، دەرھال بوۋامغا چېقىمچىلىق قىلاتتى.

مەن ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە قىلدۇردىم. بىز ئىككى ئائىلىنى بىر تام ئايرىپ تۇراتتى. مەن بۇ تامنىڭ بىر خۇپىيانە بولۇڭىدىن دۈگىلەك بىر تۆشۈك ئېچىۋالدىم. ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بىر ـ بىرلەپ ياكى ئىككىدىن بۇ تۆشۈك ئالدىغا كېلەتتى، بىز زوڭزىيىپ ياكى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتۇق، پولكوۋنىك كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلاردىن بىرى قاراۋۇللۇق قىلاتتى.

مەن راسا بېرىلىپ سۆزلەۋاتقاندا، پيوتر تاغام تۇ-

يوقسىز پەيدا بولۇپ:

— ھە، ھە، يەنە بىلىلمو؟—دەپ ۋارقىراپ بىزنى قوغلىۋېتەتتى.

پيوتر تاغامنىڭ كېكەچ جىيەنى ئۆيلەنمەكچى بولۇپ يېزىغا كەتتى. ئۇ، ئاتخانىنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە بىر ئۆيدە يالغۇز تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ كىچىككىنە بىرلا دېرىزىسى بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە سېسىق تېرىنىڭ، تاماكىنىڭ ۋە تەرنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، بوۋام ئىككىمىز ھويلىدىكى قارلارنى سۈپۈرۈۋاتاتتۇق. بىر ساقچى كىرىپ كەلدى، ئۇ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ بوۋامنى چاقىردى، بوۋام ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ پىچىرلاپ بوۋامغا بىر نېمىلەرنى دېدى. بوۋام ئاڭلاپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا:

— راست شۇنداقمۇ؟— دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ۋارقىرىما!— دېدى ساقچى كەسكىن ھالدا.

بوۋام بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ:

— ئۆيگە كىرىپ كەت،— دېدى. مەن بىر بۇلۇڭغا مۆكۈۋالدىم، ئۇلار پيوتر تاغامنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

مەن ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنى مومامغا ئېيتىپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— بىر نەرسىنى ئوغرىلىغاندۇ، سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، مالڭ ئويۇنۇڭنى ئوينا، — دېدى.

بۇ چاغدا بوۋامىمۇ ئاشخانىغا كىردى، ئۇ موماممىنى ياندىكى ئۆيگە چاقىرىپ، ئۇزاق پىچىرلىشىپ پاراڭلاشتى. موماممىنىڭ ئاشخانىغا قايتىپ كىرگەندىكى ھالىتىدىن بىرەر قورقۇنچلۇق ۋەقە بولغانلىقىنى چۈشەندىم.

مەن ئەمدىلا گەپ قىلاي دەپ ئاغزىمنى ئۆمەللەشىمگە:

— ئاغزىڭنى يۇم، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى مومام ئاستاغىنا.

ئۆينىڭ ئىچىنى ۋەھىمە قاپلىدى، بوۋام بىلەن مومام بىر - بىرىگە تەشۋىشلەنگەن ھالدا قارىشاتتى، پىچىرلىشىپ بىر - ئىككى ئېغىزلا گەپ قىلىشاتتى، تاماقنىمۇ خۇددى بىرسىنى كۈتىدىغاندەك ئالدىراشلا يېدۇق.

كەچقۇرۇن بىر ساقچى كەلدى، ئۇ ئەمدىلا ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغا، ئاشخانىنىڭ ئىشىكى بىردىنلا ئۇلۇغ ئېچىلىپ، بىر ئايال ئۇسۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇ:

— ھويلاڭلارنىڭ كەينىگە چىقىپ قاراپ بېقىڭلار! — دەپلا، ساقچىنى كۆرۈپ قېلىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈگۈردى، ساقچى ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ:

— توختا، نېمىگە قارايمىز؟ — دېدى. ھېلىقى ئايال

دۇدۇقلاپ:

— ... ئۇ ئۇ يەردە ياتىدۇ... — دېدى.

ھەممەيلەن خۇددى ئۆزىنى يوقاتقاندەك ئوپۇر - توپۇر بو-لۇپ ئاشخانىدىن چىقىپ باغقا قاراپ يۈگۈرۈشتى، پيوتر تاغا باغدا قار ئۈستىدە ياتاتتى، ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ قالغان، ئوڭ قولىقىنىڭ ئاستىدا خۇددى ئادەمنىڭ ئاغ-زىدەك چوڭقۇر بىر يېرىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ تىزى ئۈستىدە بىر پىچاق تۇراتتى، مەيدىسىگە ئېقىپ چۈشكەن قان قېتىپ قالغانىدى، ئوڭ تەرەپتىكى قار قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى... پيوتر تاغام ئۆلگەنىدى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئاشخانىغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە يات ئادەملەر تولۇپ كەتتى. ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتقاندا، بىر چوقۇر ئادەم گەپ باشلىدى:

— ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ كېكەچ جىيەنى ئەمەلىيەتتە كېكەچ ئەمەس ئى-كەن، ئۇ ھەممىنى ئىقرار قىلدى. بۇنىڭغا قاتناشقان يەنە بىرسىمۇ ئىقرار قىلدى، ئۇلار ئىلگىرى چېركاۋدا بۇ-لاڭچىلىق قىلغان ئىكەن....

## 10

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى مەن دالىغا قۇش تۇتقىلى

باردىم، يىراقتا بىر هارۋا كېتىپ باراتتى. بىر كەمدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ قارىسام، ھېلىقى ھارۋا بوۋامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

مەن ھېچكىم يوق ئاشخانىغا كىرىشىمگە، تۇيۇق-سىزلا ياندىكى ئۆيدىن ئانامنىڭ:

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىلەر؟ مېنى ئۆلتۈرۈ-ۋەتمەكچىمۇ؟ — دېگەن سۆزى ئاڭلاندى.

مەن قەپەسنى تاشلاپ قويۇپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقى-شىمغا، بوۋامغا سوقۇلۇپ كەتتىم. بوۋام خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن:

— ئاناڭ كەلدى، ماڭ، بارە!... — دېدى.

مەن ئىشىكنى ئېچىپ، بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدىم. ئانام مېنى كۆرۈپ:

— ۋاي خۇدايىمەي، چوپ - چوڭ بولۇپ كېتىپسەن-غۇ! نېمە مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

ئانام ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى، مەن ئالدىغا باردىم، ئۇ ئېڭىشىپ مېنى قۇچاقلىدى، مەن ئۇنىڭغا يۆلىنىپ، ھاياجانلانغىنىمدىن گەپ قىلالماي قالدىم. بۇ چاغدا مومامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇ باشباشتاق بولۇپ كەتتى، ھېچكىمنىڭ گې-پىگە كىرمەيدۇ، بوۋىسىدىنمۇ قورقمايدۇ...

ئانام ئىللىق قوللىرى بىلەن چېچىمنى سىلاپ

تۇرۇپ:

— چېچەكنى ئالدۇرىدىغان ۋاخ بوپتۇ، مەكتەپكىمۇ بارغۇدەك بولۇپ قاپسەن، ئوقۇغۇڭ بارمۇ؟ — دېدى.

— مەن ھازىر ئوقۇيالايدىغان بولۇپ قالدىم، — دې-دىم.

— يەنە ئوقۇيالمىساڭ بولمايدۇ. ئەجەب قاۋۇل بالا بوپسەن.

ئانام ماڭا گەپ قىلىۋاتقاندا، بوۋام كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قويقا چاچلىرى تىك ئۆرلىگەن، كۆزلىرى قى-زارغاندى. ئانام ئۇنى كۆرۈپلا مېنى بىر چەتكە ئىتتى-رىپ قويۇپ:

— دادا، قانداق، مەن كېتەيمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ سورىدى.

بوۋام بىر ھازاغىچە ئۈنچىقمىدى، كېيىن قولى بىلەن ماڭا شەرەت قىلىپ:

— سەن چىقىپ كەت، — دېدى.

— نېمىشقا؟ — دېدى ئانام يەنە مېنى ئۆزىگە يېقىن تارتىپ، — ھېچ يەرگە بارمايسەن.

بوۋام ئانامغا:

— سەن مېنى نومۇسقا قالدۇردۇڭ، — دەپ ھۆركى-رىدى.

«چىقىپ كەت» دەپ مومام مېنى قوغلىدى، مەن

ئاشخانىغا چىقىپ كەتتىم. ئۇ يەردە يان ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالدىم. ئۇلار ئانامنىڭ يەنە بىر بالا تۇ-غۇپ، ئۇنى بىرسىگە بېرىۋەتكەنلىكى ئۇستىدە سۆزلى-گەندەك قىلاتتى، لېكىن مەن بوۋامنىڭ ياكى ئانامنىڭ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇغقانلىقىغا خاپا بولغانلىقى-نى، ياكى ئۇنىڭ بالىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلمىگەنلىكىگە خاپا بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتىم.

بوۋام بىر دەمدىن كېيىن، ئاشخانىغا چىقتى، ئۇنىڭ كەينىدىن مومام چىقتى. بوۋام گەپ قىلماي ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، مومام ئۇنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، ئاستا سۆزلىدى:

— دادىسى، سىز ئۇنى كەچۈرۈڭ، بىزدەكلەرنىڭ ئا-ئىلىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، بەگزادە ـ غوجاملارنىڭ ئائى-لىلىرىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، ئۇلارنىڭكىدىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار بولۇۋاتامدۇ؟...

بوۋام سوغۇققىنە كۈلۈپ قويۇپ:

— ھە، توغرا، سەن كىملەرنى كەچۈرمىگەن؟ ھەم-مىنى كەچۈرسەن، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا ئاۋازىنى يۇ-قىرى كۆتۈرۈپ، — پەرۋەردىگار ھېچكىمنى كەچۈرمەيدۇ، پەرۋەردىگار بىزنى جازالايدۇ! قاراپ تۇر، كەلگۈسىدە تى-لەمچىلىك قىلماي قالمايمىز!

مومام بوۋامنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاستا-

غىنە:

— تىلەمچىلىك قىلساق قىلارمىز، سىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرىسىز، مەن ئۆيمۇئۆي تىلەمچىلىك قىلىمەن، — دېدى.

بۇ چاغدا مەن زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم، خۇشاللىقىمدىن ھۆركىرەپ يىغلاپ، ئۆزۈمنى ئۇلارغا ئاتتىم. ئۇلار ئىككىسى مېنى مەھكەم قۇچاقلىدى، كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، بوۋام قۇلىقىمغا پىچىرلاپ:

— ئاناڭ كەلدى، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىسەن... — دېدى.

بۇ چاغدا ئانامنۇ كىردى، ئۇ ئورۇندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بوۋام بىلەن مومام ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇردى. ئانام ئۇلارغا پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى، ئۇلار بولسا ئۇنىڭ سۆزىنى خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتاتتى.

كەچقۇرۇنلۇقى بوۋام بىلەن مومام بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئانام مەندىن:

— بۇ يەردە قانداق تۇرۇۋاتىسەن — ياخشى ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيمەن.

— بوۋاڭ ئۇرامدۇ؟

— ھازىر ئانچە ئۇرمايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ماڭا ئېيتىدىغان قانداق سۆزۈڭ بار؟ قېنى، ئىختىيارىي دەپ باقە.

بوۋام توغرىسىدا سۆزلىگۈم كەلمىدى. مەن ئۇنىڭغا «ياخشى ئىش» توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم، بۇنى ئانامنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ:

— قېنى، يەنە نېمە بولدى؟ — دېدى. مەن يەنە پولكوۋنىكنىڭ ئۆيىدىكى ئۈچ ئاكا-ئۇكا توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ئانام پولغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بېشىنى چايقاپ قوياتتى.

مەن ئۇنىڭدىن:

— بوۋام نېمە ئۈچۈن ساڭا ئاچچىقلايدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالدىم.

— ئۇنىڭغا بالىنى ئەكېلىپ بەرسەڭ بوپتىكەن.

ئۇ قاپىقىنى تۈردى، ئاندىن مېنى قۇچاقلاپ:

— بۇ سەن دەيدىغان گەپ ئەمەس، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— يەنە كېتەمسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— يەنە كېتەمسەن؟ نەگە كېتىمەن؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

لېكىن مەن ئانامنىڭ بۇ ئۆيدە ئۇزاق تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

يېقىنقى ۋاقىتلاردا بوۋام پات ـ پات ئانامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدى. بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، ئانام پۈتۈن ئۆينى بېشىغا كىيىپ:

— ياق، بولمايدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى، ئاندىن بوۋامنىڭ ۋايىسىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر ئىش يۈز بەردى:

بىر كۈنى كەچتە، مومام ئىككىمىز ئاشخانىدا ئولتۇراتتۇق، تۇيۇقسىزلا بوۋام ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، مومامنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى ۋە:

— ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپنى قىلىدۇرمە، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھەي قېرى ئەخمەق! — دېدى مومام مۇشت تېگىپ قىڭغىيىپ قالغان بۆكىنى تۈزەشتۈرۈپ، خاتىرجەملىك بىلەن، — قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭنى بىلىپلا قالسام، ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىمەن!...

بوۋام مومامغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىغا توختىماي ئۇرغىلى تۇردى، مومام ئۆزىنىمۇ قاچۇرماي، قارشىلىقمۇ قىلماي:

— ئۇرە، ئۇرە، ئەخمەق، قېنى ئۇرە! — دەپ تۇرۇۋەردى.

مەن ئاچچىقىم كېلىپ، ياستۇق بولامدۇ، ئۆتۈك

بولامدۇ، ھەممىنى بوۋامغا قارىتىپ ئاتتىم، لېكىن ئەسەبىيلىشىپ كەتكەن بوۋام بۇلارغا پىسەنت قىلمىدى، ئاخىر ئۆزى پۇتلىشىپ يىقىلىپ، چېلەكتىكى سۇنى ئۆرۈۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

مەن موماممىنىڭ يېنىغا ئۆتتۇم، موماممام ماڭا سەممىمىي ھالدا:

— ئوبدان ئوغلۇم، بۇ ئىش توغرىسىدا ئاناڭغا دېمە، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇنىڭسىزمۇ بىر - بىرىگە ئۆچ بولۇپ كەتتى، — دېدى.

مەن موماممىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدۇم، لېكىن مومام ئۈچۈن قانداق ئۆچ ئېلىشنى ئويلاپ يۈردۈم، بىراق ئۆچ ئېلىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلىنى تاپالمىدىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن، نېمە بىر ئىش بىلەن بوۋامنىڭ ئۆيىگە كىرگەنىدىم، ئۇ پولدا ئولتۇرۇپتۇ، ئالدىدا ئاغزى ئوچۇق بىر ساندۇق تۇرۇپتۇ، ئورۇندۇق ئۈستىدە بوۋام ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ئەۋلىيالارنىڭ سۈرىتى تۇراتتى، ئۇ ئون ئىككى پارچە كۆل رەڭ قېلىن قەغەز بولۇپ، ھەربىر قەغەزگە چاقماق كاتەكچىلەر سىزىلغان، كاتەكچىلەر ئىچىگە بولسا ئەۋلىيالارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى.

مەن بىردىنلا، بۇ ئەۋلىيالارنىڭ سۈرىتىنى كېسىۋېتىپ، بوۋامنى تېرىكتۈرۈش ئويىغا كەلدىم. بوۋام دىققەت

قىلماي تۇرغاندا، ئەۋلىيالار سۈرىتىدىن بىرنەچچىنى ئېلىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم.

مەن قايچىنى ئېلىپ، بىرىنچى رەت كاتەكچە ئىچىدىكى ئەۋلىيالارنىڭ بېشىنى قىرقىۋەتتىم، بۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئىككىنچى رەتكە كەلگەندە، كاتەكچىنىڭ سىزىقىنى بويلاپ قىيدىم.

ئىككىنچى رەتنى تېخى قىرقىپ بولمايلا بوۋام كىرىپ كەلدى ـ دە:

— كىم ساڭا ئەۋلىيالارنىڭ سۈرىتىنى ئال دېدى؟ — دەپ سورا ـ سورىمايلا، يەردە چېچىلىپ ياتقان سۈرەت پارچىلىرىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە پارچىنى ئېلىپ سىنچىلاپ كۆرۈپلا ئەرۋاھى ئۇچتى.

«بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟!» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ، پۇتۇمدىن تۇتۇپ چۆرۈگەندى، بوشلۇقتا نەچچە دوملاپ كەتتىم، تەلىيىمگە مومام كىرىپ قېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى. بوۋام مومام بىلەن ئىككىمىزنى مۇشتۇمى بىلەن دۇمبالاشقا باشلىدى ۋە توختىماستىن: «سەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!» دەپ چىرقىرىدى.

ئاڭغىچە ئانام كىرىپ كەلدى، ئۇ مېنى توسقاچ، بوۋامنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئىتتىرىۋەتتى ۋە «بۇ نېمە قالايمىقانچىلىق؟!» دېدى.

بوۋام يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، جېنىمنىڭ بارىچە:

— ھەممىسى ماڭا قارشى، ھەي!... — دەپ ۋارقىرىدى.

— نېمىشقا ھارامزادىلىك قىلىسىز، ئۇيات ئەمەس-مۇ؟ — دېدى ئانام تەمكىن قىياپەتتە.

بوۋام يەنە، كانىيىنى كېرىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى، ئانام ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، كېسىۋېتىلگەن سۇ-رەتلەرگە قاراپ قويۇپ:

— مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى داكىغا چاپلاپ بېرد-مەن، ئۇ تېخىمۇ پىششىق بولىدۇ، — دېدى.

بوۋام ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆرەڭلىك بىلەن كىيىم-لىرىنى تۈزەشتۈرۈپ:

— بۈگۈنلا چاپلاپ بەرگىن، مەن ساڭا ھازىرلا باشقا ۋاراقلىرىنىمۇ ئەكىرىپ بېرىمەن! — دېدى.

بوۋام بوسۇغىغا بارغاندا، كەينىگە بۇرۇلۇپ بارمىقى بىلەن مېنى كۆرسىتىپ:

— ئۇنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىش كېرەك! — دېدى.

— شۇنداق قىلسا بولىدۇ، — دەپ ماقۇللىدى ئانام ۋە مەن تەرەپكە ئېگىلىپ، — نېمىشقا كېسىۋەت-تىڭ؟ — دېدى.

— ئەتەي كېسىۋەتتىم، ئەمدى مومامنى يەنە ئۇرۇپ باقسۇنچۇ قېنى، يەنە ئۇرىدىغان بولسا، ساقىلىنىمۇ كېسىۋېتىمەن، — دېدىم مەن.

مومام بىشىنى چايقاپ، مېنى ئەيىبلىگەندەك قىلىپ:

— دېمەسكە ۋەدە قىلغانىدىڭغۇ؟ — دېدى.

— بوۋاڭ موماڭنى قاچان ئۇردى؟ — دەپ سورىدى ئانام ماڭا قاراپ.

— سەن سوراۋەرمە، بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى موماي ئاچچىقى بىلەن.

ئانام بىرنېمە دېمەكچى بولدى-يۇ، يەنە ئاغزىنى يۇمدى، چۈنكى بوۋام بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

ئانام كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بوۋامنىڭ ئىجارىكەشلىرى بىلەن دوست بولۇۋالدى، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك كەچتە تاشقىرىقى ھويلىدىكى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتەتتى. بوۋام ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ تېرىكىپ:

— ئۆلگۈرلەر، يەنە بىر يەرگە يىغىلىشىۋاپتۇ، — دەيتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بوۋام ھەممە ئىجارىكەشلەرنىڭ ئۆينى بوشىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، بوۋام تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئۆيلەرنى قۇلۇپلاپ:

— بىزنىڭ بۇ ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ئۇنى ئۆزۈم مېھمانخانا قىلىمەن، — دەپ جاكارلىدى.

راست دېگەندەك، بايرام كۈنلىرى بىزنىڭ ئۆيگە

تۇرلۇك مېھمانلار كېلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياكوف تاغام باشلاپ كەلگەن تاقىر باش يەكچەشمە سا- ئەتچى مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى.

سائەتچى دائىم بىر بۇلۇڭدا جىم ئولتۇراتتى، ناھا- يىتى سىپمىز، كالپۇكلىرى قىلىن، قولىمقى يوغان كەلگەن بۇ ئادەم بىر كۆزى بىلەن ھەممىگە ناھايىتى دىققەت بىلەن قارايتتى.

بوۋام سائەتچى بىلەن پىچىرلاپ سۆزلەشتى، ئۇ بارماقلىرى بىلەن بىرنىمىلەرنى شەرەت قىلىپ كۆر- سىتەتتى، سائەتچى ئانامغا قارىدى ۋە بېشىنى لىڭشىتتى.

بۇ سائەتچى ياكوف تاغام بىلەن بىرنەچچە قېتىم كەلگەندىن كېيىن، بىر يەكشەنبە كۈنى كۈندۈزى يەنە كەلدى. ئۇ چاغدا مەن ئانامنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭغا ياردەم- لىشىپ بېرىۋاتاتتىم، موماي تۇيۇقسىزلا ئىشىكنى ئې- چىپ: «ئۇ كەلدى» دەپ قويۇپلا، غايىب بولدى.

ئانام بىپەرۋا ئولتۇرۋەردى. ئىشىك يەنە ئېچىلىپ، بوۋام بوسۇغىدا پەيدا بولدى ـ دە، غادىيىپ تۇرۇپ:

— كىيىمىڭنى كىيىپ چىققىن، — دېدى.

ئانام ئورنىدىن مىدىرلىماي، بوۋامغىمۇ قارىماي:

— نەگە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، — دېدى بوۋام سىپايە تەلەپپۇز- دا — ئۇ ناھايىتى ياۋاش، قولىدا ئوبدان ھۈنىرى بار ئا- دەم، ئوغلۇڭغىمۇ ياخشى دادا بولىدۇ....

— مەن ساڭا ئېيتاي، بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئانام خاتىرجەملىك بىلەن ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ.

بوۋام ئانام تەرەپكە بىر ـ ئىككى قەدەم تاشلاپ، چىرايى ئۆڭگەن هالدا:

— ماڭە! بولمىسا سۆرەپ ئېلىپ چىقىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— سۆرەپ چىقامسەن؟ — دېدى ئانام ئورنىدىن دەس تۇرۇپ. ئۇ چىرايى ئۆڭگەن هالدا، دەرهال كوپتا، يوپكىلىرىنى سىلىقۋېتىپ، روباشكىسى بىلەنلا قالدى، ئاندىن بوۋامنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— مانا، سۆرەپ چىقە!

بوۋام مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ئانامغا دېۋەيلەپ:

— كىيىمىڭنى كىيگىن! — دېدى.

ئانام بوۋامنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ:

— يۈر، ماڭايلى! — دېدى.

— قارغىۋېتىمەن، — دېدى بوۋام پىچىرلاپ.

— قورقمايمەن! — دېدى ئانام ۋە ئىشىكنى ئېچىۋەتتى، — قېنى، ماڭايلى.

بوۋام ئەمدى قاتتىقلىق قىلمىدى، ئۇ ئانامنىڭ روباشكىسىنىڭ ئېتىكىدىن تۇتۇپ:

— شەرمەندە قىلما جۇمۇ، هۇ ئالۋاستى! — دەپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، يالۋۇرغىلى تۇردى، — ئاپىسى،

ئاپىسى، سەن نەدە؟

بۇ چاغدا مومام ئانامنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغانىدى، ئۇ ئانامنى ئىشىكتىن ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ:

— ئۆيگە كىر، — دېدى. ئاندىن بوۋامنى دۈشكەلەپ:

— ھەي، ئىشىنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان قېرى! — دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن مومام ئانامغا:

— كىيىمىڭنى كىيگىن، — دېدى.

ئانام يەردىن كىيىمىنى ئېلىۋېتىپ:

— مەن ئۇنىڭ قېشىغا چىقمايمەن، ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ — دېدى.

مومام چىقىپ كەتتى، بىركەمدىن كېيىن سائەتچى ئالدىنقى ئۆيدىن چىقىپ، بېشىنى ئېگىپ تۇردى، مومام ئۇنىڭ يېنىدا پىچىرلاپ:

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، زورلىغان بىلەن بولمايدۇ... — دېدى.

سائەتچى دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، بوسۇغىغا پۇتلىشىپ كەتتى ۋە بىر سەكرەپ كوچىغا چىقتى.

## 11

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئانام غەيرەتلىنىپ، قەددىنى رۇسلاپ، ئۆيدە خوجايىن بولۇپ قالدى.

بوۋام بولسا ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان، كۈن بويى گەپ قىلماي، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆيدىن تالاغا چىقماي، ئۆزى يالغۇز بالىخانىدا «دا-دامىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن سىرلىق كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇ بۇ كىتابنى ساندۇققا سېلىپ قۇلۇپلاپ قوياتتى. مەن بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭدىن: «بۇ نېمە كىتاب؟» دەپ سورىسام، ئۇ:

— سېنىڭ ھازىر بۇنى بىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، مەن ئۆلگەندە بۇ كىتابنى ساڭا قالدۇرۇپ كېتىمەن، جۇۋامنىمۇ ساڭا قالدۇرۇپ كېتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

بوۋامنىڭ ساندۇقىدا نۇرغۇن قىممەتلىك كىيىم-كېچەكلەر بار ئىدى، بوۋام بۇ كىيىم-كېچەكلەرنى ئا-نامنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويدى، ئانام ئۇلارغا زوقلىنىپ قارايتتى. بوۋام:

— ياش ۋاقتىمىزدا كىيىم-كېچەك ھازىرقىدىن كۆپ چىرايلىق ھەم پۇزۇر ئىدى. قېنى، سەن كىيىپ كۆرگىن، — دېدى.

ئانام ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر پەستىن كېيىن زەر تۇتقان چىرايلىق بىر كۆڭلەكنى كىيىپ چىقتى ۋە بوۋامدىن:

— يارىشىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بوۋام ئانامنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ:

— ھەي، ۋارۋارا، پۇلۇڭ كۆپ بولغان بولسا، ئەتراپىڭدا ياخشى كىشىلەر بولغان بولسا...، — دېدى.

ئانام ھازىر تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆيدە تۇراتتى، ئۇ ئۆيدە دائىم دېگۈدەك مېھمانلار ئۈزۈلمەيتتى. بولۇپمۇ بايرام كۈنلىرى ئانام ھامان چىرايلىق ياسىنىپ، مېھمانلار بىلەن بىللە چىقىپ كېتەتتى.

ھەر قېتىم ئانام ھەر خىل - ھەر ياڭزا كىينگەن مېھمانلار بىلەن بىللە دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، ئۆي ئىچى بىردىنلا جىمجىتچىلىققا چۆكۈپ كېتەتتى، پەقەت بوۋامنىڭ ئۆز - ئۆزىچە:

— ھە، مەيلى، قاراپ باقايلى، ئاخىر قانداق بولاركىن، — دەپ غودۇڭشىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

بايرامدىن كېيىن، ئانام مىخائىل تاغامنىڭ ئوغلى ساشا ئىككىمىزنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. مىخائىل تاغام يەنە ئۆيلەنگەنىدى. ئۆگەي ئانا ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ساشانى يامان كۆرۈپ، ئۇنى دائىم خارلايتتى. موماممنىڭ زورى بىلەن، بوۋام ساشانى ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىۋالغانىدى.

ساشا ئىككىمىز مەكتەپتە بىر ئايچە ئوقۇغاندىن كېيىن، مەكتەپ ماڭا ياقماي قالدى. ساشا دەسلەپكى كۈنلەردە ناھايىتى قىزىقىپ، باللار بىلەن ئاسانلا

چىقىشىپ كەتتى. لېكىن ئۇ بىر كۈنى دەرس ۋاقتىدا ئۇخلاپ قېلىپ، تۇيۇقسىزلا:

— ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن...، — دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان بالىلار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ قاتتىق كۈلۈشتى. ئۇلار ساشانى مەسخىرە قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەتىسى مەكتەپكە كېتىۋېتىپ يېرىم يولغا بارغاندا، ساشا توختاپ:

— سەن كېتىۋەرگىن، مەن بارمايمەن، مەكتەپكە بارغاندىن كۆرە ئوينىغىنىم ياخشى، — دېدى.

ئۇ سومكىسىنى يول بويىدىكى قارغا كۆمۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى ھەۋەسلەندىم، بىراق ئانامنى خاپا قىلغۇم كەلمەي، مەكتەپكە كەتتىم. ساشا كۆمۈپ قويغان سومكىسىنى تاپالماي، ئەتىسى ئۇنىڭ مەكتەپكە بارماسلىقىغا باھانە تېپىلدى، ئۈچىنچى كۈنى بۇ ئەھۋال مەلۇم بولدى.

بوۋام، مومام، ئانام ئاشخانىدا ئۇستەلنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، ساشا ئىككىمىزنى سوراققا تارتتى، ساشا بوۋامنىڭ سوئاللىرىغا ناھايىتى كۈلكىلىك جاۋاب بېرەتتى:

— نېمىشقا مەكتەپكە بارمايسەن؟ — دەپ سورىدى بوۋام.

— مەكتەپنىڭ نەدىلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپ ھودۇقماستىن جاۋاب بەردى ساشا.

— ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ — دېدى بوۋام ئىشەنمەي.

— راست ئۇنتۇپ قالدىم، بولمىسا كۆپ ئىزدە-دىم، — دەپ تورۇۋالدى ساشا.

— ئۇنىڭ بىلەن ماڭساڭ بولمامدۇ، ئۇ بىلەتتى، — دېدى بوۋام مېنى كۆرسىتىپ.

— ئۇنىمۇ يوقىتىپ قويدۇم.

— قانداق يوقىتىپ قويدۇڭ؟

ساشا ئويلىنىۋېلىپ، تەمكىن ھالدا:

— شىۋىرغان چىقىپ كېتىپ، ھېچنېمىنى كۆرەل-مەي قالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، ئۇ كۈنى ھاۋا ئو-چۇق بولۇپ، ھېچقانداق شىۋىرغان بولمىغانىدى. ساشامۇ تۇيدۇرماي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

بوۋام سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ:

— ئۇنىڭ قولىدىن ياكى بېلىدىن تۇتۇۋالساڭ بول-ماسمىدى؟ — دېدى.

— مەن تۇتۇۋالغان، بىراق بوران ئۇچۇرۇپ كەت — دەپ چۈشەندۈردى ساشا.

بوۋام بىزنى بىر قۇر دۇمبالىدى، ئاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئوت ئۆچۈرگۈچى بولۇپ ئىشلىگەن بىر قېرىنى

بىزگە قاراشقا ياللىدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ساشانىڭ مەكتەپتىن قېچىشىدىن ساقلىنىش ئىدى، لېكىن بۇ چارىمۇ ئەسقاتمىدى. ئەتىسى بىز مەكتەپكە كېتىۋاتقاندا، ساشا تېزدىن پېيمىسىنى سېلىپ، بىرىنى ئوڭ تەرەپكە، بىرىنى سول تەرەپكە ئىرغىتىپ تاشلاپ، پايپاقچانلا يۈ-گۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئالاقزادە بولغان قېرى ھاسى-راپ ـ ھۆمۈدەپ پېيمىلارنى تېرىپ، مېنى باشلاپ ئۆيگە يېنىپ كەلدى.

بوۋام، مومام، ئانىلار بىر كۈن كەچكىچە پۈتۈن شەھەرنى ئاربلاپ قاچقۇننى ئىزدىدى، پەقەت كەچ كىر-گەندىلا ساشانى بىر قاۋاقخانىدىن تاپتى، ئۇ ئۇ يەردە ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگەن ئىكەن.

ساشانىڭ گەپ قىلماي تۇرۇۋېلىشى بىلەن چوڭلار نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىي يەيدىغان تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

كەچتە ئىككىمىز كارىۋاتتا بىللە ياتتۇق، ئۇ ماڭا:

— مېنى ئۆگەي ئانىمۇ يامان كۆرىدۇ، دادامۇ يامان كۆرىدۇ، بوۋامۇ يامان كۆرىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇپ نېمە قىلىمەن؟ مومامدىن قاراقچىلار تۇرىدىغان جاينى سورىۋېلىپ، شۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىمەن.... ئىككىمىز بىللە قاچايلىمۇ؟ — دېدى.

لېكىن مەن ئۆز پىلانىمدا ئوفىتسېر بولۇپ، يوغان

ساقال قويۇشنى ئويلاپ يۈرەتتىم، مەن پىلانىمنى ساشاغا ئېيتىپ بەردىم. ئۇ بىرئاز ئويلىنىپ، ماقۇل كۆرۈپ:

— بۇمۇ ياخشى پىكىر ئىكەن، كەلگۈسىدە سەن ئوفىتسېر بولساڭ، مەن قاراقچىلار باشلىقى بولىمەن، سەن مېنى تۇتقىلى بارسەن، ئىككىمىزدىن قايسىمىز قايسىمىزنى تۇتۇۋالىمىزكىن ـ تاڭ، شۇ چاغدا كۆرەر-مىز، بىراق مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، — دېدى.

— مەنمۇ سېنى ئۆلتۈرمەيمەن.

ئىككىمىز شۇنداق كېلىشتۇق.

ئەتىسى پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ، چېچەك چىقىپ كەتتى. مېنى ئىچكىرىكى هويلىدىكى بالىخانىغا ياتقۇ-زۇپ قويدى، ئۇ يەردە ئۇزاق يېتىپ قالدىم، پۇت ـ قو-لۇمنى كەڭ داكا بىلەن باغلاپ تاشلىدى، مەن غىلىتە، قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرەتتىم.

هەر قېتىم مومام كېلىپ، بوۋامنى باقاندەك ماڭا قوشۇق بىلەن تاماق بېرەتتى، ماڭا تاماق بېرىۋېتىپ، ئاڭلاپ باقمىغان چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى كەچتە، نېمە ئۈچۈندۇر، مومام كېچىكىپ قالدى، بۇ هال مېنى تەشۋىشلەندۈردى. بىردىنلا گويا مومام بىناننىڭ سىرتىدىكى پەلەمپەيدە ياتقاندەك، خۇددى پيوتر تاغىدەك ئۇنىڭ بوينىمۇ يېرىمىغىچە كېسىلگەن-دەك تۇيۇلدى.

مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇردۇم، مۇرەم بىلەن دې- رىزىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئېچىپ، ئۆزۈمنى بىنادىن پەسكە ئاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككى پۇتۇم سەزمەس بولۇپ قالدى ـ دە، كارىۋاتتا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق يېتىپ قالدىم.

ماڭا مومام ئۆزى قارايتتى، بىر قېتىم ئۇ كېلىپ، بىردىنلا:

— مەن چۈشۈمدە داداڭنى كۆرۈپتىمەن، ئۇ دالىدىن كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ئالا ئىت ئەگىشىپ كېلىۋاتقىدەك...، — دېدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، مومام ئۇدا بىرنەچچە كۈن دادام توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى:

مېنىڭ دادامنىڭ دادىسى ئوفىتسېر بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنى خارلىغانلىقى ئۈچۈن سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان ئىكەن، سىبىرىيىدە تۇغۇلۇپتىكەن. ئۇ كىچىك چېغىدا ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، تۇققۇز ياشقا كىرگەندە دادىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بىر ياغاچچى دادامنى بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھۈنەر ئۆگىتىپتۇ، ئون ئالتە يېشىدا دادام ھازىرقى بوۋاملار تۇرۇۋاتقان بۇ شە- ھەرگە كەپتۇ. يىگىرمە يېشىدا ناھايىتى ئۇستا ياغاچچى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئىشلەيدىغان ئىشخانا بوۋاملارنىڭ شۇ چاغدىكى ئۆيى بىلەن قوشنا ئىكەن.

مومام سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر كۈنى ۋارۋارا ئىككىمىز باغدا مالىنا تېردۋاتاتتۇق، تۇيۇقسىز بىر ئادەم تامدىن سەكرەپ چۈشتى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئاق كۆڭلەك كىيگەن، يالاڭ ئاياق بىر يىگىت ئىدى. مەن ئۇنى ئىلگىرى كۆرگەن، دائىم بىزنىڭ دېرىزە ئالدىدىن ئۆتەتتى. مەن ئۇنىڭدىن: «ھەي يىگىت، نېمىشقا ئىشىڭ بىلەن ماڭماي، تام ئاتلاپ يۈرىسەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ گۇپ قىلىپ ئالدىمدا تىزلىنىپ: «ئالدىڭىزدا يالغۇز بېشىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق، مانا ۋارۋارامۇ تۇرۇپتۇ، بىزگە ياردەم قىلىڭ، بىز توي قىلماقچىمىز!» دېدى. مەن تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدىم. بايا بۇ يىگىت ئەلچىلىككە كەلگەن ئىكەن.

— ئۇ يىگىتنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ — مومام كۈلۈپ تۇرۇپ مەندىن سورىدى ۋە مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ سېنىڭ داداڭ ئىدى. مەن مۇنداق قارىسام، سېنىڭ ھېلىقى شەيتان ئاناڭ ئالما دەرىخىنىڭ كەينىگە ئۆتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا شەرەت قىلىۋېتىپتۇ، يۈزلىرى قىپقىزىل بولۇپ قىزدرىپ كېتىپتۇ. مەن: «ئىككىڭ نېمە قىلىشىپ يۈردسەن؟ ۋارۋارا ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ھەي يىگىت سەنمۇ ئويدان ئويلاپ كۆرسەڭ بولاتتى، سەن ئۇنىڭ لايىقىمۇ؟» دېدىم. ئۇ چاغدا بوۋاڭ كاتتا باي بولۇپ، پۇلىمۇ، ئابرۇ

يىمۇ بار ئىدى، بەك ھاكاۋۇر ئىدى. مەن ئۇلارغا تېپ-
كىشلىك گەپنىڭ ھەممىسىنى دېدىم، ئۈزۈم بولسام ھەم
قورقاتتىم، ھەم ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىيتتى. داداڭ: «بو-
ۋاينىڭ ۋارۋارانى رازىلىق بىلەن ماڭا بەرمەيدىغانلىقىنى
بىلىمەن. شۇڭا مەن ئۇنى ئېپچىقىپ كەتمەكچى بولدۇم،
پەقەت سىزلا بىزگە ياردەملىشەلەيسىز،» دېدى. ئاندىن
سېنىڭ ئاناڭمۇ داداڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، قولىنى ئۇ-
نىڭ مۈرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ: «بىز ئەمەلىيەتتە ئاللى-
قاچان توي قىلىپ بولدۇق، ئەمدى بىزگە نىكاھ رەس-
مىيىتىنى ئۆتەشلا قالدى،» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ،
ھوشۇمدىن كەتكىلى تاسلا قالدىم.

مومام ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن يەنە
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن ھازىر توي قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى، نى-
كاھنىڭ نېمىلىكىنى تېخى چۈشەنمەيسەن، ئەگەر قىز
بالا نىكاھسىز بالا تۇغۇپ قويسا، بۇ چوڭ بالايىئاپەت
بولىدۇ.

مومام بىرپەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن يەنە
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن داداڭنىڭ
بېشىغا بىرنى قويدۇم، ئاناڭنىڭ چېچىنى يۇلدۇم. ئۇلار
بولسا: «ئەمدى ئۇرۇش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى

بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئاۋۋال بىرەر چارە تېپىش كې-
رەك، ئاندىن قانداق ئۇرساڭمۇ بولىدۇ» دېيىشتى. ئويـ-
لىسام، بۇمۇ توغرا، قۇرۇق جېلە بولغاننىڭ پايدىسى
يوق. مەن داداڭدىن: «پۇلۇڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ:
«يۈز سومغا يېقىن پۇلۇم بار ئىدى» دېدى. ئۇ چاغلاردا
پۇل كۆچلۈك، نەرسە ـ كېرەك ئەرزان ئىدى. بىز قايتا ـ
قايتا مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىر بىر ھەپتىدىن كېيىن
نىكاھ قىلىشقا كېلىشتۇق، پوپ بىلەن ئۆزۈم سۆزلە-
شىدىغان بولدۇم، ھەممىنى دېيىشىپ بولۇپ، ئىختىـ-
يارسىز يىغلىۋەتتىم، يۈرىكىم قاتتىق سوقاتتى، بوۋاڭ-
نىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتىم، ئاناڭمۇ دەككە ـ
دۈككىدە ئىدى.

شۇ چاغدا داداڭنى ئۆچ كۆرىدىغان، نىيىتى يامان
بىر ئۇستا بار ئىدى، ئۇ داداڭ بىلەن ئاناڭنىڭ سىرىنى
بىلىدىكەن. نىكاھ كۈنى مەن ئاناڭغا ئەڭ ياخشى كى-
يىملەرنى كىيدۈرۈپ، كوچىغا ئېلىپ چىقتىم، دوقمۇشتا
داداڭ ئات ھارۋا بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ئىككىسى
ھارۋىغا ئولتۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. بۇرۇلۇپ ئۆيگە قاي-
تىشىمغا ھېلىقى ئەبلەخ ئالدىمدىن چىقىپ، مۇغەمبەر-
لىك بىلەن ھىجىيىپ: «مەن باشقىلارنىڭ بەختىگە
توسقۇن بولمايمەن، ماڭا 50 سوم بەرسەڭلا، بۇ ئىشنى
دېمەيمەن» دېدى. ئۇ چاغدا مېنىڭ قولۇمدا پۇل يوق

ئىدى، مەن بىر ئامال قىلىپ ئۇنى توسۇشنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە ئەخمەقلىق قىلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن چاتاق بولدى — ئۇ بوۋاڭنى ئىزدەپ ھويلىغا كىردى.

شۇ چاغدىكى ئەھۋال ئېسىمگە چۈشسە، ھازىرمۇ يۈرىكىم جىغىلدايدۇ. بوۋاڭ خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندەك ۋارقىرايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ دائىم قىزىمنى ئاقسۆڭەككە بې-رىمەن، باي ـ بەگزادە ئەۋلادىغا بېرىمەن دەپ ماختىنىپ يۈرەتتى. ئەمدى بۇنداق ئىش يۈز بەرگەن تۇرسا، بوۋاڭ چىچىلماي قالاتتىمۇ؟ ئۇ مىخائىل بىلەن ياكوفنى چا-قىردى، يەنە ئىككى ياردەمچىنى تېپىپ، مىلتىقىنى ئېلىپ، داداڭ بىلەن ئاناڭنى قوغلىماقچى بولدى. بو-ۋاڭنىڭ ئاتلىرى ياخشى، ھارۋىسىمۇ يېنىك ئىدى، جەزمەن ئاناڭغا قوغلاپ يېتىشۋالاتتى. كاللامغا بىر خىيال كەلدى ـ دە، ھارۋا شوتىسىنىڭ تاسمىسىنى پى-چاق بىلەن ئازراق قىرقىۋەتتىم، نەتىجىدە يېرىم يولدا تاسما ئۈزۈلۈپ، ھارۋا ئاتتىن ئاجراپ كېتىپتۇ، ئۇلار ھارۋىنى ئوڭلاپ چېركاۋغا يېتىپ بارغاندا، نىكاھنى قىلىپ بولغان ئىكەن.

ئۇلار داداڭنى ئۇرماقچى بوپتۇ، لېكىن داداڭ كۈچ-لۈك ئادەم ئىدى، ئۇ مىخائىلنى ئىرغىتىپ تاشلاپتۇ،

قالغانلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ يىقىن كېلەلمەپتۇ. بۇ چاغدا داداڭ سوغۇق قانلىق بىلەن بوۋاڭغا: «مەن ياۋاش ئادەم، مەن خۇدانىڭ بەرگىنىنى ئالدىم، ئۇنى ھېچكىم تارتىۋالمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ماڭا ھېچ نەرسەڭ كېرەك ئەمەس» دەپتۇ. بوۋاڭ: «خەير ـ خوش، ۋارۋارا، سېنىڭدەك قىزىم يوق، سېنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن، ئەمدى سېنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىڭ بىلەن كارىم يوق!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا: «ئەمدى ئۇنى قىزىم دېمە» دېدى، مەن گەپ قىلمىدىم، ئىچىمدە: «ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئىشقىلىپ بولغۇلۇق بولۇپ بولدى» دەپ ئويلىدىم.

مومامنىڭ ھېكايىسىنى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىدىم، مومامنىڭ نىكاھ توغرىسىدا دېگەنلىرى بوۋامنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىگە ئانچە ئوخشىمايتتى. دادام بىلەن ئانامنىڭ توي ئىشىنى بوۋاممۇ سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قارشى چىققان، ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن ئاپامنى ئۆيگە كىرگۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن دادام بىلەن ئانام توي مۇراسىمىنى يوشۇرۇن ئۆتكۈزمىگەن، بوۋامنىڭ ئۆزىمۇ چېركاۋغا بېرىپ توي مۇراسىمىغا قاتناشقان ئىكەن.

مەن ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ سۆزى توغرىلىقىنى مومامدىن سورىغۇم كەلمىدى. چۈنكى مومامنىڭ ھېكا-

يىسى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ قىزىقارلىق ئىدى.

دەسلەپكى ئىككى ھەپتىگىچە داداڭ بىلەن ئاناڭنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمىدىم، كېيىن ئاناڭ گەپ - سۆزى جايىدا بىر بالىنى ئەۋەتىپ خەۋەر بەردى. شەنبە كۈنى كەچتە، چېركاۋغا بارىمەن دەپ قويۇپ، ئۇلارنىڭكىگە باردىم. ئۇلار ناھايىتى يىراق بىر كوچىدا، كىچىككىنە بىر ئۆيدە تۇرىدىكەن، پۈتۈن قورۇ تۇرلۇك ھۈنەرۋەنلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، ھويلىنىڭ ئىچى پاسكىنا، قا-لايمىقان ئىكەن، ئۇلار بولسا خۇددى مۈشۈكنىڭ بالى-لىرىدەك خۇشال - خۇرام ئۆتۈۋېتىپتۇ.

مەن ئۇلارغا ئامال قىلىپ چاي، قەنت، ئۇن، مۇراب-با... ۋە پۇلمۇ ئېلىپ باردىم، پۇلنى بوۋاڭنىڭكىدىن ئوغرىلىۋالغانىدىم. داداڭ ھېچنېمىنى ئالغىلى ئۇنى-مايتتى، ئاناڭمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى راست قىلىپ سۆز-لەيتتى. مەن ئۇلارغا خاپا بولدۇم، مەن داداڭغا: «ھەي ئەخمەق، مەن سېنىڭ نېمەڭ بولىمەن بىلەمسەن؟ مەن سېنىڭ قېيناناڭ بولىمەن، مېنىڭ گېپىمنى نېمىشقا ئاڭلاشمايسەن؟» دېدىم. داداڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، مېنى دەس كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياندىن - بۇيانغا ماڭغىلى تۇردى، ھەتتا بىر تەرەپتىن ماڭسا، بىر تەرەپ-تىن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ چاغلاردا داداڭ تو-پاقتەك كۈچلۈك ئىدى. ئاناڭ بولسا خۇددى چىرايلىق

توزدەك، داداڭنىڭ يېنىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، خۇددى يېڭى ئالغان قونچىقىنى ماختىغاندەك توختىماي ماختايتتى.

بۇنداق كۈنلەر خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى، سېنىڭ تۇغۇلىدىغان ۋاقتىڭمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، بوۋاڭ بولسا يەنىلا ئۇنچىقماي يۈرەتتى. مەن داداڭ، ئاناڭلارنىڭكىگە يوشۇرۇن بېرىپ تۇراتتىم، ئۇ بۇنى بىلسىمۇ، بىلمەسكە سالاتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاناڭ توغرىسىدا گەپ قىلىشى مەنئى قىلىنغاندى، لېكىن بۇنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

بىر كۈنى كېچىسى قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ كەتتى، بوۋاڭ ئىككىمىز كارىۋاتتا يېتىپ ھېچ ئۇخلىيالمىدۇق، بوۋاڭ بىردىنلا: «ئۇلار قانداق تۇرۇۋېتىپتۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇ» دېدىم. ئۇ: «كىمنى سوراۋاتقانلىقىمنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: «ئەلۋەتتە بىلىمەن، قىزىڭىز بىلەن كۈيئوغلىڭىزنى سوراۋاتىسىز» دېدىم. ئۇ ئەجەبلىنىپ: «سەن قانداق بىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. مەن خاپا بولۇپ: «بولدى، بوۋاي، بۇ قىلىقلىرىڭىزنى قويۇڭ» دېدىم. بىردەمدىن كېيىن بوۋاڭ يەنە گەپ ئالغىلى تۇردى: «ئۇ ئەبلەخ ئىككەن (داداڭنى دېمەكچى)، راستلا ئەبلەخمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئەمگەكنى خالىمايدىغانلار، باشقىلارنىڭ شىللىسىگە

مىنىۋالىدىغانلار ھەقىقىي ئەبلەخ بولىدۇ» دېدىم. ئۇ يەنە: «سەن نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم، تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولمىغان بىر ئادەمگە قانداقلارچە ئىشەندىڭ؟» دېدى. مەن: «ئۆزىڭىز بېرىپ، ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرسىڭىز بىلىسىز، ئۇلار ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇ،» دېدىم. بوۋاڭ: «مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارسام بەك ئۇيات بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى مېنى يوقلاپ كەلسۇن،» دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭ- لاپ، خۇشاللىقىمدا يىغلىۋەتتىم. ئۇ: «يىغلىما، مەن ئۇنداق باغرى تاشلاردىن ئەمەس» دېدى.

داداڭ بىلەن ئاناڭ راستلا قايتىپ كەلدى. داداڭ بوۋاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مەن ھەرگىز بىرەرنەرسە تەمە قىلىپ كەلمىدىم، قېيناتىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈنلا كەلدىم» دېدى. بوۋاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەي ئۆزۈن تۇرا، ئەمدى شوخلۇق قىلىپ يۈر- مەي، قايتىپ كېلىپ بىز بىلەن بىللە تۇرۇڭلار، — دېدى. داداڭ: «بۇنىڭغا ۋارۋارا بىرنېمە دېسۇن، ماڭا بە- رىبىر» دېدى. راستلا بىللە تۇرسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جەزمەن غاژ ـ غۇژ بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا داداڭ مەندىن باشقا ھېچكىمنىڭ گېپىگە كىرمەيتتى. مەن داداڭنى ئۆز ئوغۇللىرىمدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرەتتىم، بۇنى داداڭ ئۆزىمۇ بىلەتتى، شۇڭا، ئۇمۇ مېنى دېسە ئۆلۈپ

تۇراتتى، بەزىدە قۇچىقىمغا بېشىنى قويۇۋالاتتى، بەزىدە مېنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۆيدە ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتى، شۇنداق چاغلاردا: «سىز مېنىڭ ئۆز ئانامسىز، مەن سىزنى ۋار-ۋارادىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن» دەيتتى. ئانىڭ ئۇ چاغلاردا ناھايىتى شوخ، خۇشخۇي ئىدى، ئۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، داداڭغا ئېسىلىپ: «سىز بۇنداق دېيىشكە قانداق پېتىندىڭىز؟» دەيتتى. ئۇچىمىز مۇشۇنداق چىقىشىپ ئويناپ، ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتۇق.

داداڭ بىلەن ئانىڭ باغدىكى كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيگە كۆچۈپ كەلدى، سەن شۇ ئۆيدە تۇغۇلغان، سەن تۇغۇلغاندا، داداڭ خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي كەتكەن. داداڭ مېنى يۇدۇۋېلىپ ھويلىنى ئايلىنىپ، بوۋاڭنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزگەن، بوۋاڭمۇ ناھايىتى خۇش بولغانىدى.

سېنىڭ تاغىلىرىڭ بولسا ئۇنى يامان كۆرەتتى، مىخائىل تاغاڭ خۇددى بوۋاڭغا ئوخشاش ئىچى تار، ئادا-ۋەتچى بىر ئادەم، شۇڭا ئۇلار بىر ئامال قىلىپ داداڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولاتتى.

بىر يىلى قىشتا، داداڭ ئىككى تاغاڭ بىلەن مېھ-ماندارچىلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، بىر كۆلنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلار داداڭنى بىللە مۇز تېيىلىمىز دەپ ئالداپ ئاپىرىپ، مۇز توڭلىغان سۇغا

ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ....

— تاغىلىرىم نېمە ئۈچۈن شۇنچە تاش يۈرەك؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئۇلار تاش يۈرەك ئەمەس، بەلكى پەقەت نادان، ئەخمەق.

مومام مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— داداڭ مۇزنىڭ ئىچىدىن بېشىنى چىقىرىپ، مۇزنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇۋاپتۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ قوللىرىغا دەسسەپ، بارماقلىرىنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىپتۇ. تەلىيىگە يارىشا داداڭ مەست ئەمەسكەن، تاغىلىرىڭ بولسا غەرق مەست ئىكەن، داداڭ ئۇلارنىڭ قولى يەتمەيدىغان بىر يەرگە ئۈزۈپ بېرىۋاپتۇ، ئۇلار ئامال قىلالماي، ئۇنىڭغا قارىتىپ مۇز پارچىلىرىنى ئېتىپتۇ، ئاخىر ئۆزى چۆكۈپ كېتەر دەپ تاشلاپ كېتىپتۇ.

داداڭ سۇدىن بىر ئامال قىلىپ چىقىپ، يېقىن ئەتراپتىكى ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپتۇ. ساقچى داداڭنى ۋە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى، ئۇ داداڭدىن: «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سوراپتۇ، داداڭ ئائىلىدىكىلەرنى قوغداپ قالماقچى بولۇپ: «مەستلىكتە ئېزىپ كۆلگە كىرىپ قېلىپ، كاچكۇلغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن»

دەپتۇ. ساقچى ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەپتۇ، چۈنكى ئۇ ھاراق ئىچمىگەنىكەن، دادالڭ ساقچى ئىدارىسىدە بەدەنلىرىنى قۇرۇتۇپ، قۇرۇق كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ساقچىلار ئۆيگە ئەكېلىپ قويدى.

بۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى تاغاڭ تېخى قايتىپ كەلمەي، يەنە ئىچكىلى كەتكەن ئىكەن. ئاناڭ ئىككىمىز داداڭغا قارىساق، تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ، پۈتۈن بەدىنى كۆپكۆك كۆكىرىپ كەتكەن، بارماقلىرىدىن قان تەپچىرەپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، بىز ئىختىيارسىز چىرقىرىۋەتتۇق.

ھېلىقى ساقچى ناھايىتى سەزگۈر ئىكەن، ئۇنى - بۇنى سوراشتۇرغىلى تۇردى، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، ئاناڭنى ساقچىنى گەپكە تۇتۇپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزۈم داداڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاستا سورىدىم. ئۇ قىسقىچە ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئاندىن مىخائىل بىلەن ياكوفنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارغا چاندۇرۇپ قويماسلىقنى تاپىلاپ قويۇشۇمنى، بولمىسا ساقچىدىن ئەدىپىنى يەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا كوچىغا چىقىپ ئۇلارنى ساقلاپ تۇردۇم، ئۇلار كېلىشى بىلەن، ھەر ئىككىسىنىڭ كاچىتىغا سالدىم، ئۇلار بىردىنلا سەگىدى، ياكوف قورقۇپ كېتىپ: «مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، ھەممىنى قىلغان مىخائىل، ئۇ ئا-

كامغۇ!» دېدى. بىز ئەپلەپ ـ سەپلەپ ساقچىنى يولغا سالدۇق.

ئۆيدە دادالىڭ، ئاناڭ ئۈچىمىز قالغاندا، دادالىڭ يىغلاپ كەتتى، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، مەندىن: «ئۇلار ماڭا نېمىشقا زىيانكەشلىك قىلىدۇ، مەن ئۇلارغا نېمە يامانلىق قىلدىم؟ ئانا، نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەي، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يىغلىدىم. ئاناڭ كۆپتىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئۈزۈۋېتىپ، خۇددى ئۇرۇشۇپ قالغان ئادەمدەك چاچلىرىنى پاخپايتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ داداڭغا: «بىز كېتەيلى، ئاكا ـ ئۇكىلىرىم بىزگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتسا، بۇ يەردىن كېتەيلى» دەيتتى. مەن ئۇلارغا قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلدىم. شۇ ئارىدا بوۋاڭ ھېلىقى ئىككى ئەبلەخنى كەچۈرۈم سوراشقا ئەۋەتىپتۇ. شۇ چاغدىلا، دادالىڭ بىلەن ئاناڭ ئاران تىنچىدى.

دادالىڭ شۇنىڭ بىلەن ئاغرىپ يەتتە ـ سەككىز ھەپتە ياتتى. دادالىڭ بىلەن ئاناڭ بۇ يەردىن ئاخىر كەتتى، ئۇلار ئەتىيازدا بىرىنچى پاراخوت بىلەن ماڭغانىدى. ئاناڭ ناھايىتى خۇشال بولدى، ئۇ ھەتتا خۇشاللىقىنى قىلچىمۇ يوشۇرمايتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەتتى... مانا شۇ، ۋەسسالام....

موما دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ خېلى ئۇزاق جىم تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا:

— شۇنداق، داداڭ بىلەن قېنىمىز باشقا بولغان بىلەن، دىلىمىز بىر ئىدى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

كېچىسى ئۇيقۇم كەلمىگەندە، دېرىزە ئالدىغا بېرىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ قارايتتىم، بىرمۇنچە قايغۇلۇق ھېكايىلەرنى توقۇيتتۇم، ھېكايىدە ئاساسلىق ئورۇننى دادام ئالاتتى، ئۇ ھەر دائىم قولىدا تاياق تۇتۇپ، يۇڭلۇق ئىتىنى ئەگەشتۇرۇپ، دالىدا يالغۇز يۈرەتتى.

## 12

بىر كۈنى، كەچقۇرۇنلۇقى كۆزۈم ئىلىشىپ، ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئويغانسام، پۇتلىرىمدا سەزگۈ پەيدا بولۇپ قاپتۇ، پۇتۇمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋىدىم، سېزىمى يەنە يوقاپ كەتتى. لېكىن پۇتۇمنىڭ ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىغا، ماڭالايدىغانلىقىمغا ئىشەندىم. خۇشاللىقىمدىن ۋارقىرىۋەتتىم، ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولغانىدىم، شۇ زامات يىقىلىپ چۈشتۇم، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئىشىك تەرەپكە قاراپ پەلەمپەيدىن ئۆمىلەپ ماڭدىم....

قانداقلارچە ئانامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، مومامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغانلىقىم ئېسىمدە يوق، ئۆيدە يەنە بىرنەچچە ناتونۇش كىشىلەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئورۇق، چىرايى كۆكۈچ بىر موماي باشقىلارنى بېسىپ

چۈشىدىغان يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەۋاتاتتى.

ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى — كۆڭلىكىمۇ، قالپىقىمۇ، يۈز ـ كۆزىمۇ كۆپكۆك بولۇپ، ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدىم مەن قورقۇپ تۇرۇپ.

بوۋام خاپا چىراي هالدا:

— بۇ سېنىڭ موماڭ! — دېدى.

ئاناممۇ بىر ئەر كىشىنى ئالدىمغا ئىتتىرىپ، سوغۇقلا:

— بۇ سېنىڭ يېڭى داداڭ، — دېدى.

بۇ ئەر كىشى ماڭا ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— ساڭا رەسىم سىزىدىغان بوياق ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى.

مومام مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويغاندا، مەن ئۇنىڭدىن:

— ئانام يەنە توي قىلىدىغان بوپتۇ، بۇنى نېمىشقا ماڭا ئېيتمىدىڭ؟ — دەپ سورىدىم.

— بولدى، سورىمايلا قوي.

— سىلەر هەممىڭلار ئالدامچى!

مومام مېنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپ، تەنلىرىنى تىترىتىپ يىغلاشقا باشلىدى، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— سەنمۇ يىغلىغىن، يىغلا...، — دېدى.

لېكىن مېنىڭ يىغلىغۇم كەلمەيتتى، موموام بىر-

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئىيتىپ بەرگەن بىر ئىش ئېـ
ـسىمگە كەلدى: بوۋامنىڭ پۈتۈن بايلىقى تۈگىشىپتۇ، ئۇ
بىر ئاقسۆڭەككە نۇرغۇن پۇل قەرز بېرىپ تۇرغان ئىـ
ـكەن، لېكىن ئۇ ئاقسۆڭەك ۋەيران بوپتۇ....

ئەمدى مەن ھېچكىمنىڭ گېپىگە كىرمەيدىغان بولدۇم، ھەتتا چوڭ كىشىلەرنى كۆرسەم كۆڭلۈم بىئارام بولىدىغان بولدى.

ئەتىياز كېلىپ، باغدا مايسىلار كۆكىرىپ، دەل ـ دەرەخلەر بىخ ئۇرۇشقا باشلىدى. باغ ئىچىدە بىر ئازگال بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەمەن ـ قورايلار تولۇپ ياتاتـ
ـتى، مېنىڭ شۇ ئەمەن ـ قورايلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئازگال ئىچىگە پاكىز بىر ئۆي ياساپ، چوڭلارغىمۇ قوشۇلماي، پۈتۈن يازنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگۈم كېلەتتى.

بۇ ئوي مېنى روھلاندۇرۇپ، دەرھال ئىشنى باشلىـ
ـۋەتتىم. بۇ ئىش مېنى ئۆيدىكى ئىشلاردىن خېلى ئۇـ
ـزاقىچە چەتلەشتۈرەتتى.

— سەن نېمە ئۈچۈن دومسىيىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورايتتى بىر ياقتىن مومام، بىر ياقتىن ئانام. ئۇلارـ
ـنىڭ سوئالىدىن خىجىل بولاتتىم، چۈنكى مەن ئۇلاردىن رەنجىمىگەنىدىم، پەقەت ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ماڭا بارـ
ـغانسېرى يات بولۇپ قالغانىدى.

ھېلىقى چىرايى كۆكۈچ موماي پات ـ پاتلا چايغا

ياكى تاماققا كېلىپ تۇراتتى، ئۇنى كۆرسەم ئوغام قاي-نايتتى. بىر قېتىم ئۇ مېنىڭ سۆيۈپ قويۇشۇم ئۈچۈن قولىنى ماڭا ئۇزاتقانىدى، مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتىم.

ئۇ دائىم ئوغلىغا، يەنى مېنىڭ بولغۇسى ئۆگەي دادامغا:

— بۇ بالىنى ئوبدان تەربىيىلەش كېرەك، چۈشەندىڭمۇ، — دەيتتى. ئوغلى ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى سىلىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، گەپ قىلماي تۇراتتى. بۇ موماينىڭ ئالدىدا ھەممەيلەن قاپىقىنى سىلىپ ئولتۇراتتى.

مەن بۇ موماينى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى ھەددىدىن تاشقىرى ئۆچ كۆرەتتىم، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرمۇنچە تاياقمۇ يېگەنىدىم.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە، بۇ موماي ماڭا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— سەن نېمانچە ئاچ قالغان بۆرىدەك تاماقنى ئالدىراپ كەپلەپ-كەپلەپ يەيسەن؟ گېلىڭغا تۇرۇپ قالىدۇ، — دېدى. مەن دەرھال ئاغزىمدىكىنى چىقىرىپ ۋىلكىغا سانجىپ، ئۇنىڭغا سۇنۇپ:

قىزغىنىۋاتقان بولسىڭىز، مەڭ، ئېلىڭ، — دېدىم.

ئانام مېنى سىلكىپ ئۈستەلدىن چۈشۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ

ئۆيىگە كىرگۈزۈۋەتتى. كەينىمدىن مومام كېلىپ، مېنى كۆرۈش بىلەنلا پىخىلداپ كۈلۈپ:

— ۋاي خۇدايىمەي، شۇنداقمۇ كەپسىز بولامسەن؟... — دېدى.

راستىنى ئېيتقاندا، تولىمۇ كەپسىزلىك قىلغۇم كېلەتتى، لېكىن كېيىن بۇ ئارزۇيۇمدىن يېنىشقا مەجبۇر بولدۇم.

بىر قېتىم مەن چىرايى كۆكۈچ بۇ موماي بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئورۇندۇقلىرىغا يېلىم سۈركەپ قويۇۋىدىم، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئورۇندۇقلىرىغا چاپلىشىپ قالدى. شۇ ئىش تۈپەيلىدىن بوۋام مېنى ئۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مېنىڭكىگە ئانام كەلدى، ئۇ مېنى ئالدىغا تارتىپ، قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— سەن نېمىشقا ئاچچىقلىنىسەن؟ سېنىڭ بۇ قىلىقلىرىڭ مېنى قانچىلىك ئازابلاۋاتقانلىقىنى بىلسەڭ ئىدى، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى غىل-غىل ياشقا تولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەڭزىنى مېنىڭ مەڭزىمگە چىڭ ياقتى. بۇ ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، بۇنىڭ ئورنىغا كاچاتلىرىمغا ئۇرغان بولسا، شۇ ئارام بولغان بولاتتى. مەن ئانامغا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى رەنجىتمەسلىككە ۋەدە بەردىم، ئانام ئازابلانمىسىلا بولدى.

— بۇ توغرا بولدى، — دېدى ئانام ئاستا، — بىز پات يېقىنىدا توي قىلىمىز، ئاندىن كېيىن موسكۋاغا كېتىمىز، بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەن بىز بىلەن بىللە تۇرىسەن. ئۆگەي داداڭ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ھەم ئەقىللىق ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ قالىسەن، سەن ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىسەن، ئاندىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيسەن، كېيىن دوختۇر بولىسەن....

ئانام ماڭا گۈزەل كەلگۈسىنى سۈرەتلەپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مېنى قىلچە خۇشال قىلمايتتى. ھازىر ئۇنىڭغا:

— ئەرگە تەگمىگىن، مەن سېنى ئۆزۈم باقىمەن، — دېگۈملا كېلەتتى. لېكىن بۇ سۆزنى دېيىشكە ئاغزىم بارمىدى. ئانام توغرىسىدا مېنىڭدە نۇرغۇن سەمىمىي خىياللار ئويغانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىياللارنى ئۇنىڭغا دېگۈم كەلمىدى.

مېنىڭ باغدىكى ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتاتتى. ئوت-چۆپلەرنى چېپىپ ئېلىۋەتتىم، ئازگالنىڭ چەتلىرىگە خىشتىن تام ئېتىپ چىقتىم، تېگىگىمۇ خىش ياتقۇزۇپ چىقتىم، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاستى ئادەم ياتسا بولغۇدەك تۈپتۈز بولۇپ كەتتى. مەن يەنە بىرمۇنچە رەڭگارەڭ ئەينەك پارچىلىرىنى يىغىپ كېلىپ، ئازگال چۆرىسىدىكى خىش تامنىڭ كاۋاكلىرىغا ئورنىتىۋەتتىم.

بۇنىڭ بىلەن ئازگالغا كۆن نۇرى چۈشكەندە، ئەينەكلەر رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بولدى.

— ياخشى ئويلاپسەن، — دېدى بوۋام بىر قېتىم مېنىڭ ئىشلىرىمغا زەن قويۇپ تۇرۇپ، — بىراق ئوت ـ چۆپلەر يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ، چۈنكى يىلتىزىدىن چانـ ـۋەتمەپسەن، گۈرجەكنى ئەكەلگىن، مەن چاناپ بېرەي.

مەن گۈرجەكنى ئېلىپ كەلدىم، بوۋام كۈچەپ ئىشلەشكە باشلىدى.

— كېيىنچە مەن سەن ئۈچۈن بۇ يەرگە ئاپتاپپەرەس تېرىپ بېرىمەن، ئۇ ئاجايىپ چىرايلىق بولىدۇ...، — دېدى بوۋام ئىشلەۋېتىپ.

بوۋام بىردىنلا ئۈنچىقماي تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى.

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇـ ـنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ.

ئۇ بىر سىلكىنىۋېتىپ، قولى بىلەن يۈزىنى سۈرتۈپ:

— تەرلەپ كەتتىم، — دەپلا يەنە ئىشلەشكە باشلىدى.

تۇرۇپلا، بوۋام گۈرجەكنى تاشلىۋېتىپ:

— بۇ ئىشنى بىكار قىپسەن، ئوغلۇم، راستلا بىكار قىپسەن! بۇ ئۆينى يېقىندا سېتىۋېتىمەن. ئاناڭغا تويـ ـلۇق تەييارلاش كېرەك، شۇڭا پۇل لازىم بولۇپ قالدى،

ئۇ بولسىمۇ ئوبدانراق كۆن كۆرسۇن...، — دېدى.

مەن پۇتۇمنى زەخىملەندۈرۈۋېلىپ، ئانامنىڭ چېر- كاۋدا ئۆتكۈزۈلىدىغان توي مۇراسىمىغا بارالماي قالدىم. توي مۇراسىمى داغدۇغىسىزلا ئۆتتى، چېركاۋدىن قايتىپ كېلىپ، ھەممەيلەن ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ چاي ئىچىش- تى، ئانام دەرھال كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، ساندۇقنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئانام ئەتىسى تاڭ سەھەردە مېڭىپ كەتتى. ماڭىدىغان چاغدا مېنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ تۇرۇپ:

— خەير - خوش...، — دېدى.

— ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، مېنىڭ گېپىمگە كىر- سۇن، —دېدى بوۋام يېنىمدا تۇرۇپ.

— بوۋاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، — دەپ قوشۇپ قويدى ئانام.

ئۇلار مېڭىپ كەتتى. ئانام بىرنەچچە قېتىم كەي- نىگە بۇرۇلۇپ، قولياغلىقىنى پۇلاڭلاتتى. مومام بىر قولىدا تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىنى توختىماي سىلكىيتتى، كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتاتتى، بوۋاممۇ كۆز يېشى قىلىپ تۇراتتى.

— يۈر، چاي ئىچىمىز، — دېدى بوۋام مېنىڭ مۇ- رەمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، — قارىغاندا، پېشانەڭگە مەن بىلەن بىللە ياشاش پۈتۈلگەنىكەن.

بوۋام ئىككىمىز ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۇنچىقماس ـ تىن باغدا ئىشلىدۇق. ئۇ دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ھەپـ ـلەشتى، مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ كىچىك ئۆيىنى ياساش بىلەن ئاۋارە بولاتتىم. ئازگالنىڭ چېتىگە بىرنەچچە ياـ غاچ قاداپ، ئۇنىڭغا قۇشلىرىمىنىڭ قەپىسىنى ئېسىپ قويدۇم؛ يەنە قۇرۇق قورايلاردىن زىچ چىتلاق توقۇپ، لەمپە ياسىۋالدىم.

جۇدۇن كۈنلەردىن باشقا پۈتۈن يازنى باغدا ئۆتكۈز ـ دۈم. موماممۇ كېچىسى كۆپىنچە باغدا ياتاتتى. ئۇيقۇسى كەلمىسە، چۆچەككە ئوخشاش بىرنېمىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، مېنىڭ ئاڭلىغان ـ ئاڭلىمىغانلىقىم بىلەن پەقەت كارى بولمايتتى.

مومامنىڭ يېقىملىق سۆزلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىختىيارسىز ئۇخلاپ قېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قۇشلار بىلەن تەڭ ئويغىناتتىم. ئەتىگەندە كۈن يۇزۇمگە چۈشۈپ تۇراتتى، ئەتىگەنلىك ھاۋا تەبىئەتنىڭ ساپ ۋە ئىللىق پۇرىقىغا تولغانىدى....

بۇ مەزگىل مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ خاـ تىرجەم بولغان، تەسىراتلار ئەڭ كۆپ بولغان مەزگىل ئىدى. ئۆزۈمگە ئىشىنىش ھېسسىياتى مانا شۇ ياز پەسلىدە ۋۇجۇدقا كەلدى.

بوۋامنىڭ مىجەزى بارغانسېرى ئوساللىشىپ كەتكىلى

تۇردى، ئۇنىڭ سۆزلىرى تېتىقسىزلىشىپ، ھە دېسىلا ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان بولۇپ قالدى. مومام بىلەن پات ـ پاتلا ئۇرۇشىدىغان، ھەتتا ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان بولۇپ قالدى. مومامۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمەيتتى. بەزىدە مىخائىل تاغامنىڭكىدە، بەزىدە ياكوف تاغامنىڭكىدە تۇراتتى. تاماقنى بوۋام ئۆزى ئېتەتتى، قوللىرىنى كۆيدۈرۈۋېلىپ، تېپىچەكلەپ ۋار-قىراپ ـ جارقىراپ تىللايتتى.

كۈزدە بوۋام ئۆينى سېتىۋەتتى. ئۆينى سېتىشتىن خېلى ئىلگىرى بىر كۈنى، بوۋام تۇيۇقسىزلا ھەسرەت-لەنگەن ھالدا مومامغا:

— ھەي خوتۇن، مەن سېنى شۇنچە باقتىم، ئەمدى بولار! قورسىقىڭنى ئەمدى ئۆزۈڭ باق! — دېدى.

مومام بۇ گەپلەرنىڭ بولۇشىنى ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولغاندەك، تامامەن خاتىرجەملىك بىلەن تىڭ-شاپ، ئالدىرىماي ـ ھودۇقماي تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا ياخشى بوپتۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن، شۇنداق بولسۇن، — دېدى.

بوۋام بىر كونا بىنانىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇ ئىككى ئېغىز يەر ئاستى ئۆينى ئىجارىگە ئالدى. ئۆي جابدۇق-لىرىنى ۋە باشقا تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە پاك ـ پاكىز سېتىپ بولدى.

كۆچكەن كۈنى مەنمۇ بېغىمغا، باغدىكى كىچىك ئۆيۈمگە قاراپ يىغلىغۇدەكلىكى تاسلا قالدىم.

بوۋام يەر ئاستى ئۆيىگە كۆچۈپ كىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئانام قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ، جۈدەپ كەتكەنىدى. ئۇ خۇددى بىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سىنچىلاپ قاراپ تۇراتتى. ئۆگەي دادام بولسا توختىماستىن ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، ئىسقىرتىپلا يۈرەتتى.

— خۇدايا تۇۋا، شۇنچە تېزلا چوڭ بولۇپ كېتىپسەن، — دېدى ئانام ماڭا قاراپ ۋە قولى بىلەن يۈزۈمنى سىلاپ تۇرۇپ. ئۇ ئېغىرئاياغ ئىدى، قورسىقى دومبايغان، رەڭگىرويىمۇ كۆرۈمسىز ئىدى.

ئۆگەي دادام ماڭا قولىنى سۇنۇپ:

— ياخشىمۇسەن، قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ — دېدى.

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى يىراقتىن يۇگۈرۈپ كەلگەندەك، ھېچنېمىنىڭ لازىمى يوق، يېتىپ دەم ئېلىشقىلا موھتاجدەك كۆرۈنەتتى.

ھەممەيلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. بوۋام دېرىزىگە قاراپ تۇرۇپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— دېمەك، ھەممە نېمە كۆيۈپ كۈل بوپتۇ - دە؟ — دېدى.

— ھەممە نەرسە كۆيۈپ كۈل بولدى، — دېدى ئۆ-

گەي دادام جەزىملەشتۈرۈپ، — ئۆزىمىزمۇ ئاران قۇتۇلۇپ چىقتۇق.

ئانام مومامغا يۆلىنىپ، ئۇنىڭغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى، مومامنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، چىرايى بارغانسېرى تۇتۇلۇپ كېتەتتى.

بوۋام بىردىنلا زەردە بىلەن قاتتىق ۋارقىراپ:

— بىراق مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ھېچقاندىاق ئوت كەتمەپتۇغۇ، پۈتۈن پۇلۇڭنى قارتا ئويناپ ئۇتتۇرۇۋېتىپسەنغۇ؟... — دېدى.

ئۆينى جىمجىتلىق باستى، ھېچكىم ئۈن چىقارمايتتى.

بىركەمدىن كېيىن، ئانام ئېغىز ئاچتى:

— دادا!...

— نېمە دادا؟ — دېيىشىگە بوۋام ئۇنىڭ سۆزىنى قوپاللىق بىلەن ئۈزۈۋەتتى، — مەن ساڭا بۇرۇنلا دېگەن، ئوتتۇز ياشقا كىرگەن ئادەم يىگىرمە ياشلىق ئادەمگە تەگسە بولمايدۇ، دېگەننى ئەمدى چۈشەنگەنسەن! سەن تاپقان بۇ ئاقسۆڭەك بەگزادەڭ قارىماققا نازاكەتلىك كۆرۈندۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە قانداقكەن ـ ھە؟!

كېيىن ئۇلار تۆتىلىسى تەڭ ۋارقىرىشىپ كەتتى. مەن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم، ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالدىم. ئانام باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغاندى،

ئىلگىرىكىسىگە زادىلا ئوخشىمايتتى.

كېيىن، ئۆگەي دادام باشقا بىر بازاردىكى بىر زاۋۇتتىن ئىش تاپتى. مەن، ئاپام، مومام ئۈچىمىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ بازاردىكى بىر ئۆيگە كۆچۈپ باردۇق.

زاۋۇتنىڭ تۇرخۇنلىرى ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلاردىن چىققان ئىسلارنى قىشنىڭ شاملى پۈتۈن بازارغا تارقىتاتتى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە زاۋۇتنىڭ گۈدۈكى خۇددى بۆرىگە ئوخشاش ھۇۋلايتتى؛ كەچقۇرۇن، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈننىڭ نۇرى زاۋۇتنىڭ بوشلۇقىدا يالتىرايتتى.

مومام ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى قىلاتتى، تاماق ئېتەتتى، ئۆيلەرنى تازىلايتتى، ئوتۇن ياراتتى، سۇ ئەكېلەتتى، ئەتىدىن - كەچكىچە تىنىماي ئىشلەپ، ئۇخلايدىغان چاغدا ھېرىپ - چارچاپ ھېچ ھالى قالماي، تىنىماي ئىنجىقلاپ ياتاتتى. بەزىدە تاماقنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، يالغۇز قالغان بوۋامنى يوقلىغىلى شەھەرگە ماڭاتتى.

مەن بۇ ئۆينى، بۇ زاۋۇتنى، بۇ بازارنى ئۆچ كۆرەتتىم، مەن ئانامدىن:

— بىز نېمىشقا بۇ يەردە تۇرىمىز؟ — دەپ سورىدىم.

— بولدى، ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئانام مەن بىلەن ناھايىتى ئاز پاراڭلىشىدىغان بو-

لۇپ قالدى، سۆزلەشكەندىمۇ ھامان بۇيرۇق شەكلىدە سۆز قىلاتتى. ئۇ مېنى ناھايىتى ئاز كوچىغا چىقىراتتى. ھەر قېتىم كوچىغا چىققىنىمدا باللار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالاتتىم، ئۇرۇشۇش مەن ئۈچۈن بىردىنبىر ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم باللار بىلەن ئۇرۇشۇپ قايتقىنىمدا، ئانام مېنى تاسما بىلەن ئۇراتتى، لېكىن بۇنداق جازا مېنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرەتتى؛ كېيىنكى قېتىم باللار بىلەن تېخىمۇ قاتتىق سوقۇشاتتىم. ئانام مېنى تېخىمۇ قاتتىق جازالايتتى. بىر قېتىم مەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەمدى يەنە ئۇرىدىغان بولساڭ، قولۇڭنى چىشلىۋالىمەن، ئاندىن كېيىن دالاغا قېچىپ بېرىپ توڭلاپ ئۆلىمەن» دېدىم. ئانام ماڭا چۆچۈگەن ھالدا قاراپ قويۇپ:

— كىچىك يىرتقۇچ! — دەپ قويدى.

ھەسەن - ھۆسەندەك يارقىن مۇھەببەت تۇيغۇلىرى مېنىڭ قەلبىمدە ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى؛ غەزەپ ئوتى يۈرىكىمدە بارغانسېرى لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى.

بۇنداق تۇرمۇش ئانچە ئۇزاققا بارمىدى، ئانام كۆزى يورۇشتىن ئىلگىرى، مېنى يەنە بوۋامنىڭ يېنىغا ئەۋەتىۋەتتى.

— قانداق؟ — دېدى بوۋام مېنى كۆرۈش بىلەنلا، —

كونىلار «دۇنيادا ھېچنېمە ئۆز ئانىسىغا يەتمەيدۇ» دې-
يىشەتتى، ئەمدى ئۆز ئانىسىغا ئەمەس، ئالجىغان قېرى
بوۋىسىغا يەتمەيدۇ، دېسەك بولىدىكەندە.

مەن تېخى بوۋامنىڭ يېڭى جايىنى ئوبدانراق كۆرۈپ
بېقىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، مومام بىلەن ئانام بالىسىنى
ئېلىپ كېلىپ قالدى. ئۆگەي دادام زاۋۇتتا ئەسكىلىك
قىلغانلىقى ئۈچۈن، زاۋۇتتىن قوغلىنىپتۇ، ئۇ يەنە بىر
ئىش تېپىپ، ۋوگزالدا بېلەت ساتقۇچى بوپتۇ.

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مېنى يەنە ئانام-
نىڭكىگە ئەۋەتىشۈەتتى، ئانام بىنانىڭ ئاستىدىكى بىر يەر
ئاستى ئۆيدە تۇرىدىكەن، ئانام مېنى دەرھال مەكتەپكە
ئاپىرىپ بەردى. مەكتەپ بىرىنچى كۈنىلا ماڭا ياقمىدى.

مەن مەكتەپكە ئانامنىڭ ئايىغىنى ۋە مومامنىڭ
چاپىنىنى بۇزۇپ تىكىپ بەرگەن چاپاننى كىيىپ بار-
غانىدىم، بۇ كىيىملىرىم بىلەن دەررۇ كۈلكىگە قالدىم.
لېكىن مەن باللار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتىم،
پەقەت مۇئەللىم بىلەن پوپلا مېنى ياقتۇرمىدى.

مۇئەللىم ساپسېرىق، تاقىر باش بولۇپ، ماڭا تى-
كىلىپ قاراپ، تىنماي مەندىن قۇسۇر چىقىرىپ تۇرات-
تى.

مەن ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن شوخلۇق بىلەن ئۆچ
ئالدىم. يېرىم تاۋۇزنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشكىنىڭ

بېشىغا قويۇپ قويدۇم، مۇئەللىم كىرىپ ئىشىكنى يې-
پىشىغا، ھېلىقى يېرىم تاۋۇز دەل مۇئەللىمنىڭ تاقىر
بېشىغا قالپاقتەك كىيىلىپ قالدى. ئەلۋەتتە بۇ شوخ-
لۇقۇم ئۈچۈن راسا تاياق يېدىم.

دىن دەرسى بېرىدىغان ياشقىنا، چىرايلىق كەلگەن
پوپمۇ دەرسكە كىتابنى ئېلىپ كەلمىگەنلىكىم ۋە ئۇنىڭ
سۆزىنى دورىغانلىقىم ئۈچۈن، مېنى يامان كۆرۈپ قال-
دى.

ئۇ سىنىپقا كىرىپلا، بىرىنچى بولۇپ مەندىن:
— كىتاب ئەكەلدىڭمۇ - ھە؟ — دەپ سورايتتى.
— ياق، ئەكەلمىدىم - ھە، — دەپ جاۋاب بېرەتتىم.
پوپ تېرىكىپ:
— ھە، دېگىنىڭ نېمىسى؟ سېنى ئوقۇتقۇم يوق،
ئۆيۈڭگە كەتلــدېدى.

بۇنىڭغا رەنجىمىدىم، دەرس تۈگىگىچە كوچىدا خۇ-
شال ئويناپ يۈردۈم.

ئوقۇش نەتىجەمنىڭ يامان ئەمەسلىكىگە قارىماس-
تىن، قاملاشمىغان قىلىقلىرىم ئۈچۈن پات يېقىنــدا
مەكتەپتىن قوغلىنىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشتى.
بۇ ھال مېنى سەل ئەنسىرىتىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن
چوڭ كۆڭۈلسىزلىك بولاتتى، چۈنكى ئانام بارغانسېرى
ئەسەبىيلىشىپ، مېنى پات - پاتلا دۇمبالايدىغان بولۇپ

قالغانىدى.

لېكىن شۇ جىددىي پەيتتە، بىر قۇتقۇزغۇچى كې-لىپ قالدى: — مەكتىپىمىزگە بىر ئېپىسكوپ كېلىپ قالدى.

ئۇ بويى پاكارراق، ئۇستىگە كەڭ قارا كىيىم كىي-گەن ئادەم ئىدى، ئۇ سىنىپقا كىرىشى بىلەنلا، سىنىپ-نىڭ ئىچى خۇشاللىق كەيپىياتقا تولدى.

ئۇ بىرنەچچە بالىدىن سوئال سورىغاندىن كېيىن، مېنىمۇ چاقىردى. ئاۋۋال يېشىمنى سورىدى، ئاندىن «ئىن-جىل» توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىمنى ئېيتتى.

مەن كىتابىم بولمىغاچقا، «ئىنجىل» نى ئۆگىنەل-مىگەنلىكىمنى ئېيتتىم.

ئاندىن ئۇ:

— بىرەر - يېرىم ئاڭلىغانلىرىڭ باردۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم ئازمىدى، كىچىكىمدىن تارتىپلا مومام ئېيتىپ بەرگەن دىن توغ-رىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان، بوۋامدىن ئىبادەت قىلىدىغان سۆزلەرنى ۋە دىنىي داستانلارنى ئاڭلىغان.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېپىسكوپقا شېئىرلارنى يادلاپ بەردىم، ھېكايىمۇ سۆزلەپ بەردىم، ئۇنىڭ ناھايىتى ئەستا-يىدىل ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ۋە ناھايىتى رازى بولغانلىقىنى

بايقىدىم.

لېكىن مۇئەللىم بىلەن پوپ ئۇنىڭغا مېنىڭ قانداق كەپسىزلىك قىلغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئاڭلاپ بولۇپ، قولىنى بېشىغا قويۇپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئوغلۇم، ئارتۇقچە شوخلۇق قىلما. ئازراق شوخلۇق قىلساڭ مەيلى، ئارتۇقچە شوخلۇق كىشىنى رەنجىتىپ قويىدۇ، — دېدى ۋە ئاندىن بالىلاردىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— مېنىڭ دېگىنىم توغرىمۇ، بالىلىرىم؟

بالىلار تەڭلا:

— توغرا، — دېيىشتى.

ئېپىسكوپ بالىلاردىن:

— سىلەر شوخلۇق قىلمايدىغانسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

بالىلار كۈلۈشۈپ، تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىرىشىپ:

— ياق، بىزمۇ شوخلۇق قىلىمىز، — دېيىشتى.

ئېپىسكوپ ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ:

— قىزىق ئىش، مەنمۇ سىلەرچىلىك ۋاقتىمدا بەك شوخ ئىدىم، — دېدى. بۇ گەپكە ھەممەيلەن، ھەتتا مۇئەللىم ۋە پوپمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئېپىسكوپ كەتكەندىن كېيىن، مەكتەپ مېنى قايتا ئاۋارە قىلمىدى.

مېنىڭ مەكتەپتىكى ئىشىم ھەل بولۇپ كەتتى، لېكىن ئۆيدە بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويدۇم: ئانامنىڭ بىر سوم پۇلىنى ئوغرىلاپ قويدۇم، بىراق بۇنى ئەتەي قىلمىغانىدىم. مەن زېرىكىپ، ئۆگەي دادامنىڭ بىر كىتابىنى ئېلىپ ۋاراقلىدىم، كىتابنىڭ ئىچىدىن بىر ئون سوملۇق، بىر بىر سوملۇق قەغەز پۇل چىقىپ قالدى. كىتابنى چۈشىنەلمىگەنلىكىمدىن، قاتلاپ قويۇدۇم. شۇ چاغدا بىردىنلا بىر سومغا مەن ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان روبىنزون ھەققىدىكى كىتابنى ئالغىلى بولىدىغانلىقى ئويۇمغا كەلدى.

بۇنداق كىتابنىڭ بارلىقىنى يېقىندا ئاڭلىغانىدىم. بىر كۈنى مەكتەپتە، دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا بالىلارغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتاتتىم، بىردىنلا بالىلارنىڭ بىرى مېنى زاڭلىق قىلىپ:

— شۇمۇ ھېكايە بوپتىمۇ، مانا، روبىنزون ھەققىدىكى ھېكايە ھەقىقەتەن بولغان ۋەقە، — دېدى.

— روبىنزوننى ئوقۇغان بىرنەچچە بالىمۇ ئۇ كىتابنى ماختىدى. مومامنىڭ چۆچەكلىرى ئۇلارغا ياقمىغانلىقىغا ناھايىتى خاپا بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن روبىنزوننى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇلارغا «شۇمۇ ھېكايە بولدىمۇ؟» دېۋېلىشىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم.

ئىككىنچى كۈنى، ھېلىقى بىر سوم پۇلغا بىرنەچچە

كىتاب ۋە بەزى يېمەكلىكلەرنى ئالدىم. مەكتەپتىن كەلسەم، ئانام تاۋىدا تۇخۇم پىشۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا، قانداقتۇر بىر غەلىتە ئاۋاز بىلەن:

— بىر سومنى سەن ئالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ئۇنىڭغا كىتاب ئالدىم، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

ئانام مېنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى، كىتابلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىپ، مەن تاپالمايدىغان بىر يەرگە تىقىۋەتتى، بۇ ماڭا ئۇرغاندىنمۇ بەكرەك ئەلەم بولدى.

مەن بىرنەچچە كۈن مەكتەپكە بارمىدىم، شۇ ئارىدا، ئۆگەي دادام مېنىڭ بۇ ئىشىمنى ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغانلارغا دەپ بەرگەن بولسا كېرەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەن بىلەن بىللە ئوقۇيدىغانلار بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، مەكتەپكە قايتا بارغىنىمدا، «ئوغرى» دېگەن لەقەمگە ئىگە بولدۇم.

مەن ساۋاقداشلىرىمغا بۇ ئىشنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىمنى، پۇلنى ئالغانلىقىمنى يوشۇرمىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئەمما ئۇلار مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىدى. مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئانامغا ئەمدى مەكتەپكە بارمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

بۇ چاغدا ئانام يەنە ئېغىر بوي ئىدى. ئۇ دېرىزىنىڭ

يېنىدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ رەڭگى سارغايغان، كۆزلىرى نۇرسىز، ھارغىن كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭغا مەكتەپكە بارماسلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتقاندا، ئۇلارغا ئىمكاندىيەتنىڭ بارىچە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى، كېيىن ئۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— بىز كەمبەغەلمىز، بىز ئۇچۇن ھەربىر تىيىن... — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

ئانام ماڭا ياردەملەشتى، مەن قايتىدىن مەكتەپكە باردىم. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مېنى يەنە بوۋامنىڭ يېنىغا ئەۋەتىۋەتتى.

بىر كۇنى كەچقۇرۇنلۇقى، مەن قورۇدا ئىدىم، ئۆيدە ئانام بىلەن ئۆگەي دادامنىڭ قاتتىق جاڭجاللىشىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

ئانام ئازاب بىلەن:

— سىزدىن ئۆتۈنەي، ئۆتۈنەي...، — دەيتتى.

— بىكار گەپ! — دېدى ئۆگەي دادام پىسەنت قىلماي.

— مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز، سىز يەنە شۇ خوتۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ يۈرۈپسىز.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

بىردەم جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن ئانام:

— سەن زالىم، ئىپلاس! — دېدى.

ئۆگەي دادامنىڭ ئانامنى ئۇرغىنى ئاڭلاندى، مەن

ھېچنېمىگە قارىماي ئۆيگە ئېتىلدىم، قارىسام ئانام يەرگە تىزلىنىپ قاپتۇ، ئۈستىگە پاكىز، رەتلىك يېڭى كىيىم كىيىۋالغان ئۆگەي دادام ئانامنى ھە دەپ تېپىۋېتىپتۇ. مەن ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان پىچاقنى ئېلىپ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۆگەي دادامنىڭ بېقىنىغا ئۇردۇم.

بەختىگە يارىشا، ئانام ئۆگەي دادامنى بىر ئىتتىرىۋەتكەنىدى، پىچاق بېقىنىدىن جىراپ ئۆتۈپ، كىيىمدىن تۆشۈك ئېچىپ، تېرىسىنى سەل تىلىۋەتتى. ئۆگەي دادام يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ئانام مېنى تۇتۇۋېلىپ، كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى.

كېيىن ئانام ماڭا:

— مېنى كەچۈر، گۇناھ مەندە، قانداق قىلىپ قولۇڭ پىچاققا باردى؟ — دېدى.

— مەن چىن كۆڭلۈم بىلەن ئەسلىدىكى ئۆيۈمنى ئانامغا ئېيتىپ بەردىم. مەن ئۆگەي دادامنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانىدىم، — دېدىم. مەن ئۆيلايمەنكى، بۇنى قىلالايتتىم. چۈنكى، بىر ئۆزۈن پۈتنىڭ خوتۇن كىشىنى تېپىۋاتقانلىقى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

## 13

مەن يەنە بوۋامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدىم.

— ھە، قانداق، قاراقچى؟ — دەپ ئالدىمغا چىقتى بوۋام، — ئەمدى مەن سېنى باقمايمەن، موماڭ باقسۇن.

— باقسام بېقىۋېرىمەن، — دېدى مومام، — بۇنى قىلالمايدۇ دەمسەن؟

— ئۇنداق بولسا بېقىۋەر! — دەپ ۋارقىرىدى بوۋام ۋە بىرئاز شۈك تۇرۇۋېلىپ، ماڭا، — موماڭ ئىككىمىز پۈتۈنلەي بۆلۈنۈپ كەتتۇق، ھازىر ھەممە نەرسىمىز باشقا ـ باشقا بولۇپ قالدى...، — دەپ چۈشەندۈردى.

مومام دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، تېز سۇرئەتتە ئەپچىللىك بىلەن تور توقۇۋاتاتتى. مومام قىلچە ئۆزگەرمىگەندى، بوۋام بولسا ئورۇقلاپ، يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ، چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەندى. كۆرگەنلا ئىشقا چېچىلىدىغان، ھەرنەرسىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغاندى.

مومام بوۋام بىلەن پۈتۈن نەرسە ـ كېرەكلەرنى بۆلۈشۈش ئەھۋالىنى مەسخىرە قىلغان ھالدا سۆزلەپ بەردى. بوۋام مومامغا پۈتۈن ئەسكى ـ تۈسكى كوزا ـ پوزىلارنى، قاچا ـ قۇچىلارنى بۆلۈپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە:

— بۇلار سېنىڭكى، بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن ھېچ نەرسە سورىمايسەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مومامنىڭ ياخشى كىيىم

كىچەكلىرىنى ۋە باشقا پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىپ، يەتتە يۈز سومغا سېتىپ، بۇ پۇلنى مېۋە ـ چېۋە تىجارىتى قىلىدىغان بىر ئادەمگە ئۆسۈم ئېلىش شەرتى بىلەن قەرز بېرىپتۇ. ئۇ يەنە كونا تونۇش ۋە ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىنىڭكىگە بېرىپ، ئۇلارغا بالىلىرىمنىڭ كاساپىتىدىن ۋەيران بولدۇم، دەپ شىكا-يەت قىلىپ، ئۇلاردىن پۇل سوراپ ئاپتۇ. ئۇ بۇ پۇللارنى ئەكېلىپ، مومامغا كۆز ـ كۆز قىلىپ:

— كۆردۈڭمۇ، ئەخمەق؟ ساڭا بىر تىيىنمۇ بەرمەي-دۇ، — دەپ ماختىنىپتۇ، ئۇ بۇ پۇللارنى يەنە ئۆسۈم ئې-لىش شەرتى بىلەن بىر تېرىچىگە قەرز بېرىپتۇ. بوۋام ھازىر ئاچ كۆزلۈكتە قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا ئار ـ نومۇس دېگەننى بىلمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۆلۈنۈپ كەتكەنى-دى، بۈگۈن بوۋام پۇل چىقىرىپ نەرسە ـ كېرەك ئالغان بولسا، ئەتىسى موماما پۇل چىقىرىشى كېرەك ئىدى. نۆۋەت بوۋامغا كەلگەندە، جەزمەن تاماقنىڭ تايىنى بول-مايتتى. موماما گۆشنىڭ ياخشىسىنى ئېلىپ كېلەتتى، بوۋام بولسا دائىم كالىنىڭ زاسۇيلىرىنى ئېلىپ كې-لەتتى.

چاي بىلەن قەنتنى ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ساق-لايتتى، لېكىن چاينى بىر چەينەكتە دەملەيتتى. موماما

چەينەككە چاي سالىدىغان چاغدا، بوۋام هامان ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— توختا، ئالدىرىما، قانچىلىك سالدىڭ؟ — دەپ چاينى ئالقىنىغا سېلىپ، ئالدىرىماي ساناپ چىقىپ، بىرەر قۇسۇر تېپىپ چاينى ئاز سالغۇزاتتى.

ئۇ ئۆزىگە قويۇلغان چاينىڭ مومامنىڭكىدىن سۇس بولماسلىقىغا، مىقدارىنىڭمۇ ئوخشاش بولۇشىغا ناھايىتى سەپسېلىپ قاراپ تۇراتتى.

ئۇلار بىللە ياشاپ ۋە ئەمگەك قىلىپ ئەللىك يىلدىن كېيىن مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى، مەن بوۋامنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كېلەتتى، بىر تۇرۇپ نەپرەتلىنەتتىم، مومام بولسا كۈلۈپلا قوياتتى.

— بوپتۇ، — دەيتتى مومام مېنى بەزلەپ، — بوۋاي قېرىغانسېرى ئالجىپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇ سەكسەنگە كەلدى، ئالجىسا ئالجىۋەرسۇن. ئىككىمىزنىڭ قورسىقىنى باقالايمەن، قورقما.

مەنمۇ پۇل تېپىشقا باشلىدىم. دەم ئېلىش كۈنلىرى سەھەردە تاغارنى مۈرەمگە سېلىپ، ئۆيمۇئۆي، كوچىمۇكوچا يۈرۈپ ئۇستىخان، لاتا ـ پۇتا، قەغەز ـ پەغەز، تۆمۈر ـ تەرسەك بولامدۇ، پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسە بولسا تېرەتتىم، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا مەكتەپتىن قايتقاندىن

كېيىنمۇ تېرەتتىم. ھەر شەنبە كۈنى بۇ نەرسىلەرنى قىرىق ـ ئەللىك تىيىنغا، تەلىيىم كېلىپ قالسا ئۇ-نىڭدىنمۇ كۆپرەككە ساتاتتىم.

ھەر قېتىم مومامغا پۇلنى بەرگەندە، مومام ھايا-جانلىنىپ:

— رەھمەت ساڭا بالام، بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز بېقىۋاتمايمىزمۇ؟ — دەيتتى.

بىر قېتىم مومامنىڭ مەن بەرگەن بەش تىيىنلىك پۇلنى ئالىقىنىغا قويۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ، ئۇن چىقارماي كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم....

ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەرنى تەرگەنگە قارىغاندا تې-خىمۇ كۆپرەك پۇل تاپىدىغان ئىش تاختاي ئوغرىلاش ئىدى. دەريا بويىدا نۇرغۇن تاختاي دۆۋىلىنىپ ياتاتتى، بىر تاختاينى ئون تىيىنغا ساتقىلى بولاتتى، كۈندە ئۇ-نىڭدىن ئىككى ـ ئۈچنى ئېلىپ كەتكىلى بولاتتى. پەقەت قار ياكى يامغۇر يېغىپ، قاراۋۇللار ئۆزىنى دالدىغا ئالغان چاغلاردىلا تۇتۇلۇپ قالمايتتۇق.

بىز بىرقانچە ئاغىنە بىرلىشىپ بىر توپ بولۇۋال-دۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەخىر، كوستروما، خەبى، ياز، چۇركا، يەنە مەنمۇ بار ئىدۇق.

بۇ بازاردا ئوغرىلىق كەسىپ بولۇپ قالغان، شۇڭا،

ئۇ ئوغرىلىقنى بۇ يەردە گۇناھ دەپ ھېسابلانمايتتى. چۈنكى بۇ يەردىكى يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ شەھەر ئاھالىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوغرىلىق بىردىنبىر تىرىكچىلىك ۋاستىسى بولۇپ قالغانىدى.

بىز ئىشنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداشنىڭ پىلانىنى تۈزدۇق: قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئىككى باللىنى مۇز ئۈستى بىلەن تاختاي دۆۋىلەنگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا ئەۋەتىپ، قاراۋۇللارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقۇزماقچى، قاراۋۇللار ئۇلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغاندا، تۆتىمىز ئۇ. چىغا ئىلمەك باغلانغان ئارغامچىلارنى ئېلىپ، تاختايغا ئىلمۇۋېلىپ سۆرەپ قاچماقچى بولدۇق، بۇنداق قىلساق، قاراۋۇللار بىزنى سەزمەيتتى، سېزىپ قالغاندىمۇ، قوغلاپ يېتەلمەيتتى، بىز پىلانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كې. يىن، تاختايلارنى سېتىپ، چۈشكەن پۇلنى ئالتىمىز تەڭ بۆلۈشۈۋالدۇق.

بۇ پۇللار بىلەن بىر كۈن قورساق باققىلى بولاتتى، لېكىن ۋەخىر ئاپىسىغا تۆت سەر ھاراق ئېلىپ بەرمى. سە، ئاپىسى ئۇنى ئۇراتتى؛ كوستروما كەپتەر ئېلىش ئۈچۈن پۇللىرىنى يىغىپ قوياتتى؛ چۇركانىڭ ئاپىسى ئاغرىقچان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۆپرەك پۇل تې. پىشقا تىرىشاتتى؛ خەبىمۇ تۇغۇلغان شەھىرىگە كېتىش ئۈچۈن پۇل يىغاتتى، ئۇنى بۇ يەرگە تاغىسى ئېلىپ

كەلگەن ئىكەن، تاغىسى بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. خەبى ئۆزى تۇغۇلغان شەھەرنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، پەقەت ئۇ شە- ھەرنىڭ بىر دەريا بويىدا ئىكەنلىكىنىلا بىلىدىكەن.

بىز بىرنەچچە ئاغىنە ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتۇق، بەزىدە ئازراق جېدەللىشىپ قالساقمۇ، ئارىمىزدا ئۇرۇ- شۇش بولۇپ باقمىغانىدى.

ۋەخىر بىزنىڭ كېلىشتۈرگۈچىمىز ئىدى، ئۇ ئەپ- لەشتۈرۈپ قويۇشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئاق كۆ- ڭۈل ئىدى، ھەممىنى قەدىرلەيتتى، ئۇنىڭ قىلمىقلىرى بىزگە كۆلكىلىك تۇيۇلاتتى. ناۋادا بىز ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالغىدەك بولساق، ئۇ شۇ زامات خاپا بولۇپ:

— نېمە بىچارە ئوت ـ چۆپلەرنى بوزەك قىلىسىلەر، ياندىكى قۇملۇقتا ئولتۇرساڭلار بولمامدۇ؟ — دەپ كو- تۇلدايتتى.

ۋەخىرنىڭ ئانىسى تىلەمچىلىك قىلاتتى، ئۇ مور- دوۋيىدىن كەلگەنىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئانىسىنى «مېنىڭ موردوۋيىە ئانام» دەيتتى.

بىر كۈنى ئۇ:

— تۇنۇگۈن مېنىڭ موردوۋيىە ئانام ئۆيگە يەنە مەست كەلدى، ئۇ بوسۇغىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ناخشا ئېيتتى،

كېيىن شۇ يەردە ئۇخلاپ قالدى، ئۇنى ئۆيگە ئەكىرەي دېسەم كۆچۈم يەتمىدى، — دېدى.

چۈركا مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا:

— ئاناڭ ئۆلۈپ قالاي دەپتۇ، پۈتۈن ئەزايى ئىششىپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— ئاناڭغا ئىچىڭ ئاغرىمدۇ؟ — دەپ سورىدىم ۋەخىردىن.

— نېمىشقا ئىچىم ئاغرىمىغۇدەك؟ — دېدى ۋەخىر هەيران بولۇپ، — ئانام ياخشى ئايال.

بىز بۇ ئايالنىڭ دائىم ۋەخىرنى ئۇرىدىغانلىقىنى بىلسەكمۇ، ئۇنىڭ ياخشى ئايال ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتۇق. ئىشىمىز ئوڭغا تارتماي، پۇل تاپالمىغان كۈنلەردىمۇ، چۈركا:

— ھەممىمىز پۇل يىغىشىپ ۋەخىرنىڭ ئانىسىغا هاراق ئېلىپ بېرەيلى، بولمىسا ئانىسى ۋەخىرنى ئۇرىدۇ، — دەيتتى.

بىز بۇ بىر توپ ئاغىنىلەر ئىچىدە ئىككىلا كىشى، يەنى چۈركا بىلەن مەن ساۋاتلىق ئىدۇق. ۋەخىرنىڭ بىزگە ناهايىتى زوقى كېلەتتى. ئۇ دائىم:

— كېيىن مەنمۇ مەكتەپكە بارىمەن، مۇئەللىمگە باش قويۇپ، مېنى قوبۇل قىلىڭلار دەپ يالۋۇرىمەن... — دەيتتى.

بىز جۇدۇنلۇق كۈنلەردە دائىم يازنىڭكىگە باراتتۇق. يازنىڭ دادىسى گوركا ئىدى ۋە قەبرە باقاتتى، قەبرىستانلىقنىڭ چېتىدە ئۇلارنىڭ بىر كىچىك ئۆيى بار ئىدى.

يازنىڭ دادىسى بېشى كىچىككىنە، چىرايى سارغايغان، بەدەن سۆڭەكلىرى قىڭغىر ـ سىڭغىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئاياللار توغرىسىدا سۆزلەشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، لېكىن سۆزى قۇلاققا ياقمايتتى؛ ئۇ ئۆلگەنلەرنىڭ رەسۋاچىلىقلىرى ئۈستىدە سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بۇ قاقاس قەبرىستانلىققا كۆمۈلگەن كىشلەرنىڭ تارىخىنى بەش قولدەك بىلەتتى.

ياز غەمكىن كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە تىكىلىپ قارىغان ھالدا گەپ قىلماي جىم ئولتۇراتتى. بىزنىڭ بېرىشىمىزغا ئۇ ئويۇنچۇقلىرىنى ــ ئەخلەت دۆۋىسىدىن تېرىۋالغان ياغاچ ئادەملەر، پۇتسىز ئاتلار، مىس پارچىلىرى ۋە ئۇششاق تۈگمىلەرنى... بىزگە بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتەتتى.

بىز كەتمەكچى بولغاندا، ياز بىزنى قەبرىستانلىقنىڭ قورۇق تېمىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئاستا «خەير ـ خوش» دەيتتى. بىزمۇ «خەير ـ خوش» دېيىشەتتۇق. لېكىن ئۇنى قەبرىستانلىقتا يالغۇز قالدۇرۇش ياخشى ئەمەس دەپ ئويلايتتۇق.

ــ بىز ئەتە ئورنىمىزدىن تۇرغىچە ياز ئۆلۈپ

قالمىغىدى، — دېدى بىر قېتىم كوستروما.

— يازنىڭ تۇرمۇشى ھەممىمىزنىڭكىدىن جاپا-لىق، — دېدى چۇركا.

ۋەخىر ئۇنىڭغا قوشۇلماي:

— تۇرمۇشىمىز قىلچە جاپالىق ئەمەس، — دەيتتى.

بىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋاقتىمىز شەنبە كۈنلىرى ئىدى، چۈنكى ھەر شەنبىدە ئويۇن ئۇيۇشتۇراتتۇق، پۈتۈن بىر ھەپتە مۇشۇ ئويۇننىڭ تەييارلىقىنى قىلاتتۇق.

دەسلەپ كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ ئەسكى-تۈسكى چورۇقلارنى يىغىپ، خىلۋەت بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قو-ياتتۇق، شەنبە كۈنى كەچقۇرۇن بىر توپ يۈك توشۇغۇچى ئىشچىلار پرېستاندىن ئۆيىگە قايتقاندا، بىز كوچىدىكى مۆكۈۋالغان جايىدىن چىقىپ، ئۇلارغا ھېلىقى چورۇقلارنى ئاتاتتۇق، ئۇلار تېرىكىپ بىزنى قوغلايتتى، تىللايتتى. لېكىن ۋاقىت ئۆزارىغانسېرى ئۇلارمۇ بۇ ئويۇنغا قىزى-قىپ قالدى.

كېيىن بۇ ئىشچىلارمۇ ھەر شەنبە كۈنى ئالدىن تەييارلىۋالغان چورۇقلارنى ئېلىپ كېلىپ بىز بىلەن ئېتىشىدىغان بولدى. بىرنەچچە قېتىم ئۇلار بىز چو-رۇقلارنى دۆۋىلەپ قويغان جاينى تەكشۈرۈپ بىلىۋېلىپ، بىزنىڭ «ئوق - دورا» لىرىمىزنى قويماي ئوغرىلاپ كەتتى. بىز: «شۇمۇ ئويۇن بولدىمۇ؟» دەپ ئېتىراز بىلدۈردۇق،

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چورۇقلارنىڭ يىپرىمىنى بىزگە بەردى، ئاندىن جەڭ قايتىدىن باشلاندى.

ئادەتتە ئۇلار ئوچۇقچىلىق يەردە تۇرۇۋالاتتى، بىز بولساق ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ چۇرقىرىشىپ «ئۇلارغا چورۇقلارنى ئاتاتتۇق. ئارىمىزدىن بىرەرسى ئۇلار ئاتقان چورۇقلارغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشسە، ئۇلار ئۇنىنىڭ بارچە ۋارقىرىشىپ كۈلۈشەتتى.

ئاغىنىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەركىن ـ ئازادە ياشىغان بولسامۇ، مەكتەپتىكى ئەھۋالىم يەنە ئېغىرلىشىپ كەتتى. مەكتەپتىكى بالىلار مېنى ئەسكى ـ تۇسكى تەرگۈچى، تىلەمچى دەپ مەسخىرە قىلىشتى. بىر قېتىم ئۇلار مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، مۇئەللىمگە: «ئۇنىڭدىن ئەخلەتنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىلى بولمايدۇ» دەپ شىكايەت قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇنى قەستەن توقۇپ چىققانلىقىنى بىلەتتىم، چۈنكى مەن ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ناھايىتى ئەستايىدىل يۇيۇناتتىم، يەنە كېلىپ ھېچقاچان ئەسكى ـ تۇسكىلەرنى يىغقاندا كىيگەن كىيىم بىلەن مەكتەپكە كەلمەيتتىم.

مەن ئاخىر ئۈچىنچى سىنىپنى تۈگەتتىم، مەكتەپ ماڭا مۇكاپاتنامە ۋە كىتاب تەقدىم قىلدى. بۇ چاغدا مومامنىڭ ئاغرىپ قالغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ پۇلى قالمىغانىدى، مەن مۇكاپات بەر-

گەن كىتابنى سېتىپ، پۇلىنى مومامغا بەردىم.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئانام بىلەن كىچىككىنە ئۇكام بوۋامنىڭكىگە كۆچۈپ كەلدى. مەن بالا باققۇچى بولۇپ قالدىم. چۈنكى، ئۆگەي دادام ئىشتىن بوشىتىلغانىدى، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمۇ نامەلۇم ئىدى. موماملا، شەھەردە بىر باينىڭ ئۆيىدە تور توقۇپ بېرىۋاتاتتى.

ئانام ھېچ پاراڭ قىلمايتتى، ئۇ ئىنتايىن ئورۇقلاپ كەتكەنىدى، كۈن بويى بىر بۇلۇڭدا گەپ قىلماي، چالا ئۆلۈكتەك ياتاتتى. مېنىڭچە، ئۇ ئۇزاق ياشىيالمايدىغاندەك قىلاتتى.

كىچىك ئۇكاممۇ ئاغرىپ قالغانىدى، ئاجىزلىقتىن ئۇنىنى چىڭراق چىقىرىپمۇ يىغلىيالمايتتى. قورسىقى ئاچسا سىلكىنىپ ئىڭرايتتى، توق بولسا، غەلىتە خىرىلداپ ئۇخلاپ كېتەتتى.

بوۋام ئۇكامغا قاراپ قويۇپ:

— ئۇنى ئوبدانراق كۈتۈش كېرەك ئىدى، لېكىن مېنىڭ ھەممىڭلارنى بېقىشقا چامىم يەتمەيدۇ، — دېدى.

ئانام بۇلۇڭدا تۇرۇپ خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ ئازغىنە نەرسە يەيدۇ، — دېدى.

بوۋام ئاچچىقلىنىپ:

— ئۇ ئازغىنە يەيدۇ، ئازغىنە يەيدۇ دېيسەن، ھەممىسى

يىغىلىسا نۇرغۇن بولىدۇ ـ دە...، ــ دېدى.

ئانام سەككىزىنچى ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈش مەزگىلىدە ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئۆگەي دادام سىرتتىن يېڭىلا قايتىپ كېلىپ، يەنە بىر يەردىن ئىش تاپقانىدى. شۇڭا ئۇ، ئۇ يەردىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالغان، مومام بىلەن كىچىك ئۇكام ئۇ يەرگە كۆچۈپ بارغانىدى، ئانامنىمۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە كۆچۈرۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى.

ئانام تۇگەيدىغان كۈنى سەھەردە، سۇزۇك ئاۋازى بىلەن ماڭا:

ــ ئۆگەي داداڭغا بېرىپ دېگىن، تېز كەلسۇن، ــ دېدى.

ئۇ قولىنى تامغا تىرەپ، ئورنىدىن ئاران قوزغىلىپ ئولتۇرۇپ:

ــ چاپسان يۈگۈرگىن! ــ دەپ قوشۇپ قويدى. ماڭا ئانام كۆلۈمسىرەۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر خىل يېڭى ئالامەتلەر چاقناپ تۇراتتى.

ئۆگەي دادام ئىبادەت قىلىۋاتقان ئىكەن. مەن بوۋامنىڭكىگە قايتىپ كەلسەم، ئانام سۇس بىنەپشە رەڭلىك كۆڭلىكىنى كىيىپ، چىرايلىق تارىنىپ، ئىلگىرىكىدەك سۆلەتلىك بولۇپ، ئۇستەل يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

ــ ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن

بىرنەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلىپ.

ئانام ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، ئاستا بۇلۇڭ تەرەپكە ماڭدى، كارىۋاتقا يېتىۋېلىپ، بوش ئاۋازدا:

— سۇ بەر، — دېدى.

مەن دەرھال بىر چىنە سۇ ئېلىپ كەلدىم. ئانام بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ، بىر يۇتۇم ئىچىپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، مۇزدەك قولى بىلەن مېنىڭ قولۇمنى ئىتتىرىپ قويدى. ئاندىن بۇلۇڭدىكى ئەۋلىيالار سۈرىـ تىگە قارىدى ـ دە، ماڭا تىكىلىپ قاراپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى، ئاندىن ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستا يۇمۇلدى.

مەن چىنىنى تۇتقان هالدا، ئانامنىڭ يۈزىنىڭ كۆـ كىرىشىگە، نەپىسىنىڭ توختىشىغا قاراپ، يېنىدا ئۇزاق تۇردۇم....

ئانامنى كۆمۈپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بوۋام ماڭا:

— هەي، سەن بوينۇمغا ئاسىدىغان مېدال ئەمەس، سەنمۇ بېرىپ ئۆز جايىڭنى تاپ، ئۆز تىرىكچىلىكىڭنى قىل، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن تىرىكچىلىك قىلغىلى كەتتىم.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

گوركىينىڭ تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ترىلوگى-يىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى بولغان «بالىلىق دەۋر» 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىكى روسىيە خەلقى ياشا-ۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە كىچىك باش قەھرىمان ئاليوشا پېشكوفنىڭ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن جاپالىق كۈنلىرىنى ناما-يان قىلىپ بېرىدۇ. ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە يەم بولۇش، بىر ـ بىرىنى ئالداش، بايلىق ئۈچۈن ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىش بۇ مېشچانلار ئائىلىسىدىكى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىش ئىدى، پەقەت مومىسىلا ئاليوشاغا ھەقىقىي غەمخورلۇق قىلىپ ۋە كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى-دىكى بىردىنبىر قوغدىغۇچىسى بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ئەسەردىكى ۋەقەلىكلەر يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان. ئەسەردە، ئۇ-نىڭ بوۋىسى كاشىرىن بىلەن مومىسى ئاكۇلىنا ئىۋا-نوۋنانىڭ ئوبرازىنى كۆرىمىز، ئۇنىڭ بوۋىسى قاتتىق قول ھەم مۇستەبىت، مىجەزى چۇس ئادەم بولۇپ، ئۆز

ئائىلىسىدىكى كىشىلەرگە خۇددى دۈشمىنىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ، مومىسى بولسا تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە، مى-جەزى مۇلايىم ھەم ئاق كۆڭۈل موماي. ئەسەردىن بالى-لىق دەۋرىدىكى گوركىينىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئۆ-سۈپ يېتىلىش سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆرەلەيمىز.

باش قەھرىمان كىچىك ئاليوشانىڭ باللىق دەۋر-دىكى تۇرمۇشى «بىر خىل قويۇق، رەڭگارەڭ تۇس ئال-غان، غەلىتىلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان تۇر-مۇش» ئىدى، «گويا بىر ئاق كۆڭۈل ھەم ئىنتايىن سەممىي تالانت ئىگىسى ئۇستىلىق بىلەن سۆزلەپ بەرگەن ئېچىنىشلىق باللار ھېكايىسىگە ئوخشايتتى.» ئۇ، قانداق بىر كۆرۈنۈش ـ ھە! ئانا تىزلىنىپ ئولتۇرات-تى، «جەينىكىنى ساپاغا تىرەپ، مەيدىسىنى كېرىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىرنېمىلەرنى پىچىرلايتتى، كۆزلى-رى قورقۇنچلۇق پارقىراپ تۇراتتى». ئۇنىڭ ئۆگەي دادى-سى «ئۇستىگە يېڭى كىيىم كىيىپ، پاكىز ياسىنىۋال-غان، ئۇ ئۇزۇن پۇتى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە تېپىۋا-تاتتى». غەرق مەست ھالەتتىكى تاغىسى مىخائىل تۇن بويى ئۆينىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ، ئۇچرىغانلا نەرسىنى ئۇرۇپ چاقاتتى. كېلىشكەن، خۇشخۇي، ئاق كۆڭۈل سىگانوك ئەھمىيەتسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. تاغىسى مىخا-ئىل قىزىقچىلىق قىلىپ، ئوتقا قىزدۇرۇلغان بىگىزنى

يېرىم ئەما ئۇستا گىرىگورىغا بېرىدۇ. بوۋىسى موممىسىنى تېپىپ دۇمبالايدۇ، كىچىك ئالىيوشا ئۇنىڭ چېچى ئارد-سىدىن ئېگىلىپ كەتكەن چاژىنى سۇغۇرۇۋالىدۇ.... لې-كىن شۇنداق بولسىمۇ، «بالىلىق دەۋر» گە يەنىلا ئالا-ھىدە كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن روھ يوشۇرۇنغان. «بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز تولىمۇ ھەيران قالارلىق، چۈنكى بىز يا-شاۋاتقان بۇ خىلمۇخىل ھايۋان كەبى ئەسكىلىكلەر بى-لەن تولغان تۇپراق شۇنچە باي ۋە مۇنبەت بولۇپلا قال-ماستىن، بەلكى يەنە بۇ تۇپراقتىن يارقىن، ساغلام، ئى-جادچانلىقتا تولغان نەرسىلەر غالىبلارچە ئۆسۈپ چىق-ماقتا، ئاق كۆڭۈللۈك — ئىنسانلارغا خاس ئاق كۆڭۈل-لۈك يېتىلمەكتە، بۇ نەرسىلەر بىزدە بىر خىل يىمى-رىلمەس ئۈمىد پەيدا قىلىپ، پارلاق ئىنسانىي تۇرمۇش-نىڭ ئاقىۋەت بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرمەكتە.» بۇنداق «يارقىن، ساغلام، ئىجادچانلىقتا تولغان نەرسىلەر» «بالىلىق دەۋر» دە كىچىك ئالىيوشانىڭ چوڭقۇر پى-كىرلىرى ئارقىلىق ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ، كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ.

بالىلىق دەۋر بايان قىلىنىش جەريانىدا، كىچىك ئالىيوشا يولۇققان ھەربىر چوڭراق ۋەقە دېگۈدەك ئۇنىڭدا بىر خىل ئالاھ تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ ئەسەر-دىكى ئىپادىسى بىرىنچى چوڭ ۋەقە بايان قىلىنغاندىن

كېيىنلا ئېيتىلىدىغان ئالىيوشانىڭ بىر ئېغىز ياكى بىر ئابزاس پەلسەپىيۋىلىك سۆزىدىن ئىبارەت. ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ بوۋىسىدىن قاتتىق تاياق يەپ ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن، ئەسەردە مۇنداق بىر ئابزاس سۆز كۆزگە چېلىقىدۇ: «ئاغرىپ قالغان كۈنلىرىم هاياتىمدىكى مۇھىم كۈنلەر بولدى. بۇ كۈنلەردە مەن ئۆزۈمنى تېزلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك هېس قىلدىم، شۇنداقلا مەندە باشقىچە بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، گويا يۈرىكىمنىڭ تېرىسىنى بىرسى سويۇۋەتكەندەك، كىشىلەرنى ئەنسىزلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن، قەلبىمدە ئۆزۈمدىكى ياكى باشقىلاردىكى بارلىق خورلۇق ۋە دەرد ـ ئەلەملەرگە نىسبەتەن چىدىغۇسىز سېزىم پەيدا بولدى.» ئالىيوشا «ياخشى ئىش» بىلەن دوست بولغاندىن كېيىن، بىر كۈنى كەچتە ئىككىسى جىمجىت ئولتۇرۇپ، تولىمۇ پاك، سەلكىن ئىدىيىلەر «گويا بىر خىل سولغۇن هېسسىياتتەك كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىۋاتقاندەك، ئەينى ۋاقىتتا هەم ئۇنىڭغا ئارام بېرىۋاتقاندەك، هەم ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋاتقاندەك، كىشىلەر قەلبى شۇ زامات ئۆرلەپ، تاۋلىنىپ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تۇس ئېلىۋاتقاندەك، شۇنىڭ بىلەن قەلب قىياپىتى بارلىققا كېلىۋاتقاندەك» هېس قىلىدۇ. ئانام قايتا توي قىلىپ ئۆيدىن

كەتكەندە، «قەلبىمدە گويا بىرنېمە مەھكەم تاقىلىپ قالغاندەك بولدى». شۇ يازدىن كېيىن، «مەندە ئۆزۈمنىڭ كۆچىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇيغۇسى پەيدا بولدى ھەم مۇستەھكەملەندى». گوركىينىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ئالىيوشانىڭ تۇرمۇشى ئايرىم ئەھۋال ئەمەس ئىدى، ئۇ خەلقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن كېلىپ چىققان ئاجايىپ ئىستېداتلىق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى ئىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى ۋە ئېگىزنىڭ يېتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى.

كىچىك ئالىيوشانىڭ بۇنداق «ساغلام» يېتىلىشى تۇرمۇشتىكى «كۆتۈرگۈسىز ئېغىر رەسۋاچىلىقلار» بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتتىكى بارلىق ياخشى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش داۋامىدا تەدرىجىي ۋۇجۇدقا چىققان. «كىچىك چاغلىرىمدا، مەن ئۆزۈمنى ھەرىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشىتاتتىم، تۈرلۈك ئادەملەر خۇددى ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشاش ھەسەللەرنى — ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشتىن ئېرىشكەن بىلىملىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنى — ئەنە شۇ ئۇۋىغا توشۇپ، مېنىڭ قەلبىمنى بېيىتاتتى.» لېكىن كىچىك ئالىيوشانىڭ ئىنتايىن تەلەيلىك بولغىنى شۇكى، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك، ھۆرمەتكە سازاۋەر موممىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ يەنە «ۋەتەننىڭ سانسىزلىغان مۇنەۋۋەر

كىشىلىرى» نىڭ بىرى بولغان «ياخشى ئىش» نىڭ دوستلۇقىغا مۇيەسسەر بولدى. ئاليوشا مومىسى بىلەن «ياخشى ئىش» نىڭ تەسىرىگە ئۇچراش، شۇنداقلا «ياخ- شى ئىش» مومىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانىدا، خەلق قوشاقلىرى، بالىلار چۆچەكلىرى، رىۋايەتلەر مۇ- ھىم رول ئوينىدى. مانا بۇ مۇشۇ ئەسەرنىڭ ناھايىتى چوڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گوركىي مۇنداق دەيدۇ: ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى مەۋجۇت بولغان شارائىتتا، «روھىي كىشەن سېلىنغان» ئەمگەكچى خەلق ئۆزىنىڭ سەممىي، پاك ۋىجدانى بىلەن ياشاۋېرىدۇ، «ئۇلار كۈرمىڭلىغان بالىلار چۆچەكلىرى، قوشاقلار ۋە ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىجاد قىلدى ۋە ئىجاد قىلىۋاتىدۇ....»

«بالىلىق دەۋر» دە ئاليوشا ناچار مۇھىتتا ياشايدۇ، ئۇنى بىر ـ بىرىگە بولغان ئۆچمەنلىك، ئۇمىدسىزلىك كەيپىياتى ئورىۋالغان، لېكىن ئۇ چۈشكۈنلىشىپ، ئەت- راپىدىكى كىشىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئاق كۆڭۈل، يورۇقلۇققا تەشنا بولۇپ، تىرىشىپ ئۆزىنى ئاشۇ مۇھىتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ئۇمىدسىزلىك، بىر ـ بى- رىگە بولغان ئۆچمەنلىك تۇرمۇشىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، گەرچە ئۇنىڭ كۈچى ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن قەلبىدە قارشىلىق ئېڭى ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ قارشىلىقى ۋە

ئاسىيلىقى «كىشىلەر ئارىسىدا» ۋە «مېنىڭ ئۇنىۋېر-سىتېتىم» دا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ. ئالىيوشانىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانى قارشىلىق ئېڭىغا ئىگە بىر ئادەمنىڭ ئىنقىلاب يولىغا قانداق ماڭغانلىق جەريانىدىن ئىبارەت. گوركىي ئۆزىنىڭ بىۋا-سىتە كەچۈرمىشلىرىنى ئاساس قىلىپ، كارامەت بەدى-ئىي ماھارىتى بىلەن، بۇ جەرياننى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. ئالىيوشانىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشى شۇ چاغدىكى بىر ئەۋلاد ياشلارنىلا رىغبەتلەندۈرۈپ قالماستىن، بەلكى دۇنيا ئەللىرىدە كەڭ تەسىر كۆرسەتتى، ھەتتا بۈگۈنكى كۈن-دىمۇ ئۆزىنىڭ ئىجابىي ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق.

روماندا مومىسىنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز ئوبرازى سۈرەت-لەپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ ئېيتىپ بەرگەن ئېسىل با-لىلار چۆچەكلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرى ئالىيوشانىڭ خەلق ئىجادىيىتىگە بولغان مۇھەببىتىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ ئەخلاق-غايىسى ۋە پارلاق تۇرمۇشقا تەلپۈنۈشى ئالىيوشانى تاۋلاپ، ئۇنىڭدا ھەققانىي ئىشلارغا ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشنى پەيدا قىلدى.

مومىسى ئاكۇلىنا ئىۋانوۋنا «بالىلىق دەۋر» دە ئالا-ھىدە ئورۇن تۇتىدۇ، ئاپتور مول رەڭگارەڭ خەلق ئەدە-بىياتىدىن ماتېرىيال ئېلىپ، مومىسىنىڭ غايەت زور

روھىي تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ.

ئۇنى بوۋىسى بىلەن سىڭلىشتۇرغاندا شۇنى كۆرۈۋې-لىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ مىجەزى ئاجايىپ چىقىشقاق، باللارغا بولغان مۇئامىلىسى ئاجايىپ مېھرىبان، دوس-تانە بولۇپ، باللىرى بىلەن ئويۇن – چاقچاق قىلىشىدۇ، بۇلارنى بوۋىسىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدۇ، مومىسىنىڭ مۇئامىلىسى شۇنچە تەبىئىي بولۇپ، ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ قۇياش نۇرى، شۇنداقلا ئالىيۇشانىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر-دىنبىر ئۈمىدى ۋە ئارامگاھى. بۇ ئائىلىدە، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل مومىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىلا جايدا كۆڭۈلسىزلىك، ئۇرۇش – جېدەل، مۇشتلىشىش بولۇپ تۇراتتى، تۇرمۇشنىڭ جەبىر – جاپاسى بۇ ئادەم-لەرنىڭ مىجەزىنى قوپاللاشتۇرۇۋەتكەنىدى، ئۇلار كى-چىككىنە ئىش ئۈچۈن قاتتىق ۋار – ۋۇر قىلىشىپ، ئاجراتقىلى بولماي كېتەتتى، بۇلارغا تاقەت قىلىپ بول-مايتتى، شۇنداقتىمۇ مومىسىنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى تۈپەيلىدىن، ھەممىگە تاقەت قىلىناتتى.

مومىسى ھەممە ئادەمگە ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە زىددىيەتنى پەسەيتەتتى ھەمدە ياردەم قىلىشقا بولىدىغان ھەممە ئادەمگە ياردەم قىلاتتى. ئۇ تەڭرىگە دۇئا – تىلاۋەت قىلاتتى، «ئۆيدىكى ئىشلارنى يىپىدىن – يىڭنىسىغىچە ھەممىنى تەڭرىگە ئېيتاتتى»،

تەڭرىنىڭ ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى ھەمدە تەڭرىدىن ئېرىگە ۋە بالىلىرىغا يول كۆرسىتىپ بېرىشىنى تىلەيتتى.

مومىسى يەنە ئۆزى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى، نۇرغۇن بالىلار چۆچەكلىرى ۋە رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. «ئۇ بالىلار چۆچەكلىرىنى سۆزلىگەندە، ناھايىتى پەس ئاۋازدا، تولىمۇ سىرلىق قىلىپ سۆزلەيتتى، ئۇ ئېڭىشىپ ماڭا يېقىن كېلىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، كۆزلىرىمگە دىققەت بىلەن قارايتتى، گويا قەلبىمگە مېنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر خىل كۈچنى سىڭدۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.» مومىسى ئېيتىپ بەرگەن بالىلار چۆچەكلىرى كېچىنى «تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، تېخىمۇ گۈزەل» قىلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ رومانتىزم بىلەن تولغان قايناق ھېسسىياتى ئىنسانلارنىڭ ئائىلىسىگە ۋە پارلاق تۇرمۇشىغا بولغان ئارزۇسىغا قارىتا، ئالىيۇشانىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، «ئۇ بولمىغاندا، مەن گويا قاراڭغۇلۇقتا ئۇخلاپ ياتقاندەك قىلاتتىم، لېكىن ئۇ ھازىر بولۇش بىلەنلا مېنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ، يورۇق دۇنياغا چىقىرىپ قويغاندەك بولاتتىم....»

ئىلغار زىيالىي بولغان «ياخشى ئىش» مۇ مومىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە، بۇ ئىجا-

رىگە ئۇلتۇرغۇچى ھەممىيلەنگە ناتونۇش يات ئادەم ئىدى،
ئۇ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى، لېكىن مومىسى سۆزلەپ
بەرگەن پالۋان ئىۋان بىلەن دەرۋىش مىرون توغرىسىدى-
كى ئېسىل ھېكايە ئۇنىڭ قەلب تارىنى چېكىدۇ. پالۋان
ئىۋان تەقدىرنىڭ دەرۋىش مىروننى ئۆلتۈرىدىغانلىقىغا
ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق جازاغا ئۇچرىغانلىقىنى
ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، «ياخشى ئىش» ئىختىيارسىز قوللى-
رىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاغزى گەپكە كېلىدۇ: «ناھايىتى
ياخشى! بۇنى يېزىۋېلىش كېرەك، ھە راست، بۇ رۇسلارغا
خاس.»

خەلق ناخشىلىرى، بالىلار چۆچەكلىرى، رىۋايەتلەر
مومىسىغا ياشلىق باھارىنى ئەسلىتىدۇ، «ياخشى ئىش»
نىڭ غەمكىن كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدۇ، كىچىك ئالىيۇ-
شانى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا يېتەكلەيدۇ.

مومىسى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتىدە،
باتۇر، قەيسەر، تەمكىن بولۇپ، كۈچلۈك ئوتتىن قورق-
ماي، يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئۆيگە شۇڭغۇپ كىرىپ،
كىسلاتانى ئوت ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئوتنىڭ يەنىمۇ
ئۇلغىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۇ يەنە باشقى-
لارغا تەمكىنلىك بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، ھەممەي-
لەننىڭ كۈچىنى ماسلاشتۇرۇپ، كۈچلۈك ئوت بىلەن
جەڭ قىلىدۇ.

باشقىلار بولسا كۈچلۈك ئوت ئالدىدا تەمتىرەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ، بولۇپمۇ ئادەتتە جاھانغا پاتماي يۈرىدىغان بوۋسىمۇ بۇ ئۈشتۈمتۈت يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى ئالدىدا ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپلا يۈرىدۇ، ئۇلارغا قارىغاندا، مومىسىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە سالماقلىقى شۇنچە گەۋدىلىك بولۇپ، كىشىگە ئادەتتە ئۇنىڭ ئاجىز مەزلۇم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

بۇ ھال ئۇنىڭ مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، يېقىملىقلىقتىن باشقا يەنە بىر تەرىپىنىمۇ نامايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ مېھرىبان، لېكىن ئاجىز ئەمەس، ئەكسىچە بىر خىل ئىچكى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ، ھالقىلىق پەيتتە باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ، ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ئىككى جەھەتتىكى خاراكتېر ئۇنىڭدا بىردەك ئىپادىلىنىپ، ئۇنى ھەم يېقىملىق، ھەم ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ. بۇ ئوبراز رۇس ئەدەبىياتىدا ئەڭ شانلىق، ئەڭ پوئېزىيىلىك ئوبرازلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاليوشانىڭ تۇرمۇشقا يورۇقلۇق ئېلىپ كېلىش بىلەنلا قالماي، ئوقۇرمەنلەرگىمۇ ئىللىقلىق ۋە قەيسەرلىك ئاتا قىلىدۇ.

گۈزەل مەنزىرىلەر تەسۋىرىگە ئاپتور كىچىك باش

قەھرىمان ئالىيوشانىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىنى كىرگۈزىدۇ، ئالىيوشا تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشلەردىن دۇنيانىڭ گۈزەل-لىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى ئاستا ـ ئاستا ئويـ-غىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاستا ـ ئاستا سەزگۈر، ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولىدۇ. ئۇ ھەممە ئادەمدىن، جۈملىدىن بوۋىسى ۋە باللىق دەۋرىدىكى ھەمراھلىرى-دىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۆزىگە تەۋە دۇنياغا غەرق بولىدۇ، ئۇ بۇ يەردە تەبىئەت بىلەن، شۇنداقلا ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە — قۇياش، ئوت ـ چۆپ، بوز تورغاي، كىرپە ۋە يۇلتۇزلار بىلەن بىللە ياشاپ، ئۆزىنى ۋە دۇنيانى بايقاش لەززىتىدىن بەھرە ئالىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن يې-ڭىۋاشتىن بىر دۇنيا يارىتىپ، چىن قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان شاد ـ خۇراملىقنى ھېس قىلىدۇ. ئاپتور: «بۇ، ھاياتىمدىكى ئەڭ خاتىرجەم، تەسىرات ئەڭ كۆپ بولغان چاغلار، دەل شۇ يىلقى يازدا، قەلبىمدە ئۆزۈمدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە بولغان ئىشەنچ ھېسسىياتى شەكىل-لەندى ۋە مۇستەھكەملەندى» دەيدۇ.

تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ترىلوگىيە گوركىيـ-نىڭ ئەڭ ئېسىل ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. بىز ئۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ باللىق دەۋر ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋر-لىرىدە ئۆتكۈزگەن جاپالىق كۈنلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قاراڭ-غۇ ـ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە يورۇقلۇقنى ئىزدەش

يولىدىكى جەڭگىۋار مۇساپىسىنى كۆرەلەيمىز، شۇنداقلا 19 ـ ئەسىرنىڭ 70—80 ـ يىللىرىدىكى رۇسىيە جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي كۆرۈنۈشىنىمۇ كۆرەلەيمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يەنە يېڭى ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىنى، يېڭى ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى سۈرەتلەشنى ئاساسىي تېما قىلغان ئەسەر. ئۇ، دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئىگە بولدى، ئۇ تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە غايەت زور بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولماقتا.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا، گوركىي ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئىككى قىسىملىق تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى پوۋېستى «بالىلىق دەۋر» بىلەن «كىشىلەر ئارىسىدا» نى ئېلان قىلدى، ئەمەلىيەتتە گوركىي 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىلا تەرجىمىھال ئۇسلۇبىدىكى ئەسەر يېزىش ئويىدا بولغان. 1908 ـ 1910 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا، لېنىن گوركىينىڭ ئىتالىيىدىكى تۇرالغۇسىغا مېھمان بولۇپ بارغان، گوركىي ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ

باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋردىكى تۇرمۇشىنى نەچچە قېتىملاپ سۆزلەپ بەرگەن. بىر قېتىم لېنىن گور- كىيغا: «ھەممىنى يېزىپ چىقىڭ، دوستۇم، جەزمەن يېزىڭ! بۇلار ئىنتايىن ياخشى تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن، ئىنتايىن ياخشى ئىكەن!» دېگەن. گوركىي جاۋابەن: «كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېزىپ چىقى- مەن...» دېگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

1905 ـ يىلى بىرىنچى قېتىملىق رۇسىيە ئىنقىلابى پارتلىدى، پرولېتارىيات ھەيۋەتلىك سىياسىي نامايىش ۋە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، دېھقانلارمۇ ئارقىمۇئارقا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاۋاز قوشتى، لېكىن بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇپ بولدى. بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گوركىي چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ زىياد- كەشلىكىگە ئۇچراپ، 1906 ـ يىلى چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، كېيىن ئىتالىيىنىڭ كاپرى ئارىلىدا ئولتۇراقلاشتى. شۇ چاغدا روسىيىدە 1908 ـ يى- لى باشلانغان ستولىپىن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى يىللىرىدا، بۇرژۇئا زىيالىلىرى ۋە ئىنقىلابنىڭ ھەم- راھلىرى تەۋرىنىپ قالغان، شيۇجىڭجۇيىلىق ئىدىيەۋى ئېقىم يامرىغان، چۈشكۈنلۈك ئەۋج ئالغان. گوركىي تۇرغان جايدىمۇ بەزىلەر لېنىنغا ۋە بولشېۋىكلارغا قار-

شى مەزھەپچىلىك ھەرىكىتى ئىلىپ بارغان. گوركىي ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە پارتىيىنى پارچىلاش ۋە خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇشتەك زىيانكەشلىكىنى تونۇپ يې-تەلمەي، ئۇلارنىڭ بەزى ئىدىيىسىنىڭ، مەسىلەن، «ئى-لاھچىلىق» نىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ ئىلاھ-چىلىق ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي مەزمۇنى ۋە سىنىپىي مەزمۇنىنى قايرىپ قويغان، ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى ياخشى رول ئوينىغان، گەرچە ئىلاھ مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لې-كىن ئىلاھ توغرىسىدا بىر خىل يېڭى ئېتىقاد پەيدا قىلىپ، ئۇنى كونا دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، خەلق-نىڭ كۈرەش قىلىش روھىنى ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك دەپ قارىغان. لېكىن خۇددى لېنىن كۆرسىتىپ ئۆت-كەندەك: «ئىلاھچىلىق ئىدىيىسى مەڭگۈ قۇللۇق ھالەت (ئەڭ ناچار، ئەڭ چىقىش يولى بولمىغان قۇللۇق ھالەت) تە تۇرۇش ئىدىيىسىدۇر، ئۇ ئىزچىل تۈردە «ئىجتىمائىي ھېسسىيات» نى بىخۇدلاشتۇرۇپ ۋە ئاجىزلاشتۇرۇپ، خۇپىيانە ھالدا تىرىك نەرسىنىڭ ئورنىغا ئۆلۈك نەرسىنى قويىدۇ، ئىلاھچىلىق ئىدىيىسى ھېچقاچان «شەخس بە-لەن جەمئىيەتنى باغلاشتۇرغان» ئەمەس، بەلكى ئىزچىل تۈردە ئېزىلگۈچىلەر سىنىپىنى ئەزگۈچىلەرنىڭ مۇقەد-دەسلىككە ئىگە ئېتىقادى بىلەن بېسىپ كەلدى.» لې-نىننىڭ تەنقىدى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، گوركىي ئىدىيە

جەھەتتىكى گاڭگىراشلىق ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى.
1913 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، تەرجىمىھال خاراكتېردىكى ترىلوگىيىنىڭ ئالدىنقى ئىككى قىسمى — «باللىق دەۋر» (1913 ـ يىلى) بىلەن «كىشىلەر ئارىسىدا» (1915 ـ يىلى) نى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

1913 ـ يىلى يېزىلغان «باللىق دەۋر» تەرجىمىھال خاراكتېردىكى ترىلوگىيىنىڭ بىرىنچى قىسمى. بۇ ئەسەر يالغۇز تەرجىمىھاللا ئەمەس، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ باللىق دەۋرىدىكى كەچۈرمىشلىرىدىن ئىبارەت. ئەسەردە بىز ئۇنىڭ بوۋىسى كاشىرىن بىلەن مومىسى ئاكۇلىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئوبرازىنى كۆرىمىز، ئۇنىڭ بوۋىسى قاتتىق قول ھەم مۇستەبىت، مىجەزى چۇس ئادەم بولۇپ، ئۆز ئائىلىسىدىكى كىشىلەرگە خۇددى دۈشمىنىدەك مۇئامىلە قىلاتتى، مومىسى بولسا تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە، مىجەزى مۇلايىم ھەم ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئەسەردىن باللىق دەۋردىكى گوركىينىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئۆسۈپ ـ يېتىلىش سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆرەلەيمىز.
گوركىي كېيىن: «بۇ، بىر خىل ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان يىرگىنچلىك چىنلىق، ئۇ تا بۈگۈنگىچە تېخى يوقالمىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن، روھىدىن، بىزنىڭ بارلىق ئېغىر، شەرمەندە تۇرمۇشىمىزدىن تۈپ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، تۈپ يىلتىزىدىن

چۈشىنىش شەرت بولغان چىنلىق» دېگەن. «بالىلىق دەۋر» دە، گوركىي خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى ۋە بەخت ـ سىزلىكىنىلا يېزىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ گۈزەل ماھىيىتى ۋە تەبىئىتىنىمۇ يېزىپ، ئادەمگە بولغان ھەقىقىي ئىشەنچ ۋە مەدھىيىنى ئىپادىلىگەن.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

ئالىيوشا: بۇ كىتابتىكى باش قەھرىمان، ئۈچ ياش ۋاقتىدا دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسى ۋە موممىسى بىلەن بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بارىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسى بوۋىسىنىڭ ئۆيىدىكى تۇرمۇشقا چىدىيالماي بۇ ئۆيدىن كېتىدۇ، ئالىيوشا بوۋىسى ۋە موممىسى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ ئائىلە بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك كەيپىياتى بىلەن تولغان بولغاچقا، بۇ ھال ئۇنى سەزگۈر ھەم غەمكىن قىلىپ قويىدۇ، لېكىن موممىسى، ئىجارىگە ئولتۇرغۇچى ۋە ئەتراپتىكى نامرات ھەم ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۇنى ئۇمىدسىزلەندۈرمەيدۇ، ئۇ ئىزچىل تۇردە تىرىشىپ زۇلمەتلىك رېئاللىق بىلەن قارشىلىشىدۇ، گۈزەللىكتىن بەھرە ئالىدۇ، يورۇقلۇققا ئىنتىلىدۇ.

بوۋىسى: ياش ۋاقتىدا ۋولگا دەرياسىدا كېمە سۆرىگۈ ـ

چى بولغان، كېيىن ئائىلىسىدە بوياقخانا ئاچىدۇ، ئائىلە ئىشىنىڭ خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ بارغانسېرى بېخىل، ئاچكۆز، زالىم، رەھىمسىز، تاش يۈرەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كەچۈرمىشى ئەگرى ـ توقاي بولۇپ، ئاۋۋال جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تىرىشىپ ـ تىرىشىپ ئىشلەيدۇ، ئاندىن كىچىك تىجارەتچى بولۇپ قالىدۇ. كېيىن ۋەيران بولۇپ، يەنە جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا قايتىدۇ، بۇ ھال ئۇنىڭ مىجەزىنى ھەر خىل قىلىپ قويىدۇ، يەنى بىر تەرەپتىن، ئۇ ئائىلىدىكىلەرگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىككە تولۇپ، ئۇلارنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پات ـ پات مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق تەرىپىنىمۇ ئىپادىلەپ قويىدۇ، ئاليوشانى ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

مومىسى: ئۇ كەسكىن، قەيسەر ئايال، ئۆيگە ئوت كەتكەندە، ئۇ تاغارنى ئۈستىگە ئارتىپ باتۇرلۇق بىلەن ئوت ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، ئىچىگە كىسلاتا قاچىلانغان چېلەكتەك چوڭلۇقتىكى بىر بوتۇلكىنى ئېلىپ چىقىپ، ئوتنىڭ يەنىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە پوئېزىيىلىككە ئىگە ئايال بولۇپ، ناخشا ئېيتىشنى، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، تۈرلۈك ھېكايىلەرنى ئېيتىدۇ؛ ئۇ ئاق كۆڭۈل،

مېھرىبان بولۇپ، يامان ئىشلارنىڭ تۈرمۈشنىڭ نامە-راتلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ بۇنداق نامراتلىقنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدۇ، ئۇ ئېرىنىڭ ئۈرۈپ-تىللاشلىرىنى ۋە بالىلىرىنىڭ قوپاللىقلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئۇ ئالېيۇشانىڭ ئۆمۈرلۈك دوستى، ئەڭ قەلبداش ئادىمى ۋە ئۇ ئەڭ ئوبدان چۈشە-نىدىغان ھەم ئەڭ قەدىرلەيدىغان ئادەم. بۇ روسىيە ئەدە-بىيات تارىخىدىكى ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ پوئېزىيىلىك ئوبرازلارنىڭ بىرى.

«ياخشى ئىش»: بوۋىسىنىڭ ئۆيىدىكى ئىجارىگە ئولتۇرغۇچى، بۇ ئۇنىڭ لەقىمى، چۈنكى ئۇ جىمغۇر بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ، ھەر قېتىم ئۇنى تاماققا ياكى چاي ئىچىشكە چاقىرغاندا، ئۇ ھامان «ياخشى ئىش» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ، شۇڭا باشقىلار ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىمۇ ياكى كەينىدىمۇ «ياخشى ئىش» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ ئىلغار زىيالىي بولۇپ، ئالېيۇشادىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى يات ئادەم دەپ قارىشىدۇ، خەتەرلىك ئادەم دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشمايدۇ. «ياخشى ئىش» ئالېيۇشا ئۇچراتقان تۇنجى مۇنەۋۋەر ئادەم ئىدى، ئۇ ئالېيۇشانىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىراتلارنى قالدۇرغان.

# ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

«بالىلىق دەۋر» دىكى باش قەھرىمان ئاليوشا ئۈچ ياش ۋاقتىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالىدۇ. ئانىسى ۋارۋارا بىلەن مومىسى ئاكۇلىنا ئىۋانوۋنا ئۇنى بوۋىسى كاشىرىننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مومىسى ئۇنىڭ «ئۆمۈرلۈك دوستى، ئەڭ يېقىن سىردىشى» بولۇپ قالىدۇ. بوۋىسىنىڭ ئۆيى نىژنىدىكى نوۋگورد شەھىرىدە بولۇپ، بوۋىسى ياش ۋاقتىدا ۋولگا دەرياسىدا كېمە سۆرىگۈچى بولغان، كېيىن بوياقخانا ئېچىپ، كىچىك تىجارەتچى بولغان، ئاليوشا كەلگەندە بوۋىسىنىڭ تىجارىتى خارابلىششقا باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن بوۋىسى تېخىمۇ بېخىل، ئاچكۆز، زالىم، رەھىمسىز بولۇپ كەتكەن. بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە، ئاليوشا «ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىنى قويۇق ئۆچمەنلىك تۇمانلىرى قاپلاپ كەتكەن؛ چوڭلار ئۆچمەنلىك بىلەن زەھەرلەنگەن» لىكىنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ تاغىلىرى بولغان مىخائىل بىلەن ياكوف ئوتتۇرىسىدا ئۆي بۆلۈشۈش ۋە ئاليوشانىڭ ئانىسىنىڭ ئۆي جابدۇقلىرىنى ئېلىش يولىدا جاڭجال بولىدۇ، ھەتتا ئاخىر مۇشتلىشىپ كېتىدۇ.

ئالىيوْشا بوۋىسىنىڭ بوياقخانىسىدا چوڭلارنىڭ رەختلەر-نى ئەپچىللىك بىلەن بوياۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، بىر كۈنى ئۇ بۇنىڭغا قىزىقىپ، ئۆزى بوياپ باقماقچى بولۇپ، بىر ئاق داستىخاننى بوياق تۇڭىغا سالىدۇ. بۇ ئىش تۇيۇقسىز-لىدىن ئۇ بوۋىسىدىن قاتتىق تاياق يەيدۇ ۋە تاياق دەس-تىدىن ھوشىنى يوقىتىپ قويىدۇ ـ دە، قاتتىق ئاغرىپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئالىيوْشا ئەتراپتىكى كىشى-لەرنى ئەنسىزلىك بىلەن كۆزىتىشكە باشلايدۇ، ئۆزى يا-كى باشقىلار ئۈستىدىكى خورلۇق ۋە دەرد ـ ئەلەملەرگە چىداپ تۇرالمايدىغان ھېسسىياتتا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى بۇنداق تۇرمۇشقا چىداپ تۇرالماي، ئۇنى تاشلاپ بۇ ئائى-لىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

لېكىن بۇنداق ئىپلاس مۇھىتتا، باشقا بىر خىل ئادەم، باشقا بىر خىل تۇرمۇشمۇ بار ئىدى. بۇ ئادەملەر ئىچىدە ئالىيوْشاغا تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى موما-سى ئىدى، ئۇ ئاق كۆڭۈل، ئادىل بولۇپ، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيەتتى، ياخشىلىق ھامان يامانلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ نۇرغۇنلىغان قەدىمىي چۆچەكلەر، رىۋايەتلەر ۋە خەلق قوشاقلىرىنى ناھايىتى جانلىق سۆزلەپ بېرەتتى، كەمبەغەللەرگە ۋە ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ھەققانىيەتنى ۋە يورۇقلۇقنى مەدھىيىلەيدىغان ھېكايىلەرنى دائىم ئالىيوْ-

شاغا سۆزلەپ بېرەتتى.

بوۋىسىنىڭ ئائىلىسى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەن-دىن كېيىن، ئىجارىگە ئولتۇرغۇچىلاردىن ئىككىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ئىلغار زىيالىي بولۇپ، لەقىمى «ياخشى ئىش» ئىدى. «ياخشى ئىش» يەككە-يېگانە يۈرىدىغان يوچۇن بىر ئادەم بولۇپ، ئاليوشا ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ئۇ قوغلىۋېتىلىدۇ. «ياخشى ئىش» ئاليوشا ئۇچراتقان تۇنجى ئېسىل ئادەم بولۇپ، ئۇ ئاليوشانىڭ قەلبىدە ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ. يەنە بىر ئىجارىگە ئولتۇرغۇچى ئىبادەتخا-نىنى بۇلىغاندىن كېيىن هارۋىكەش بولۇۋالغان پېتېر بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە قوللارچە قىلىقى ئال-يوشانىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئانىسى يەنە ياتلىق بولۇپ، ئۆزىدىن ئون ياش كىچىك «ئاقسۆڭەك بايۋەچچە» گە تېگىدۇ، ئۇنىڭ قايتا توي قىلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشى بەختسىز بولىدۇ، نامراتلىق ۋە كېسەل ئۇنى ئەسلىدىكى گۈزەللىكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ھەمىشە ئالىيوشاغا باغرى تاشلىق ۋە ئادالەتسىزلىك قىلىدۇ. ئاليوشا ئائى-لىدە غەمخورلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ، مەكتەپتىمۇ كەمسى-تىلىدۇ ۋە بوزەك قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانىسى ۋە ئۆگەي دادىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، يەنە بوۋىسىنىڭكىگە

كۆچۈپ بارىدۇ. قورسىقىنى بېقىش ئۈچۈن، مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن قوشنىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بىر-لىشىپ ئەسكى-تۈسكىلەرنى يىغىپ ساتىدۇ. تۇرمۇش گەرچە ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، ئۇ ھېلىقى ھەمراھ-لىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاليۇشا ئۈچىنچى سىنىپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، دەرسخانىدىن مەڭگۈگە ئايرى-لىدۇ. ئانىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاليۇشا ئانىسىنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، ئۆزىنى ئۆتمەي سەرگەردان بولۇپ ھەقى-قىي كىشىلەر ئارىسىغا كېتىدۇ.

ئاليۇشانىڭ ئىدىيە جەھەتتە ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانى — بۇ ئەسەرنى ئوقۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، باللار چۆچەكلىرى، خەلق قوشاقلىرى، مەنزىرە تەسۋى-رى، تىل تەسۋىرى قاتارلىقلارنى دىققەت قىلىپ ئۆگى-نىش كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇبارەك غاپپار

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۆلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: روشەنگۈل تۇرسۇن

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم

تۇرغۇنجان سۇلتان



ISBN 978-7-80658-910-6

9 787806 589106 >

باھاسى: 7.50 يۈەن